زەينۇرە ئىسا

# تارىم قىزى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com



زەينۇرە ئىيسا

# تارىم قىزى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

زەينۇرە ئىسا

# تارىم قىزى

**AVRASYA ARAŞTIRMA EĞİTİM VE SOSYAL HİZMET VAKFI**

Nuri paşa Mh 10. Sok No: 11 /1
Zeytinburnu/İstanbul-Türkiye
Tel: 0090212 6798688

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
2008 ـ 11 ـ ئاي ئىستانبۇل
www.uyghurweb.net
Baskı_Cilt
Bayrak Matbaası
Davutpaşa cad.No:14/2
Topkapi_İstanbul
Tel:0(212)_493 11 06
Fax:0(212)_493 11 07

## تەرجىمىھال

زەينۇرە ئالما چېچەكلىرى ئېچىلغاندا 1946 ـ يىلى 17 ـ مارت كۈنى قەشقەردە دۇنياغا كەلدى. دادىسى مىللى ئوردىدا ئوفىتسىر دوختۇر ئىدى.

باللىق چاغلىرى ئاقسۇ، ئۈچتۇرپاندا ئۆتتى. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۈچتۇرپاندا ئوقىدى. ئۈچتۇرپاندا ئۇ زامان ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغىنى ئۈچۈن ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ، ئۈچ كۈن يول يۈرۈپ، ئون بىر ياشلىق قىز ئاقسۇ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. ئۆز ئائىلىسى، ئۆز يۇرتىدا پەقەتلا ئون بىر يىل تولۇق ياشىيالىدى. ئاقسۇدا ئوقۇش جەريانىدا پەقەت قىشلىق ۋە يازلىق تەتىللەردىلا ئۆيىگە ــ ئۈچتۇرپانغا بارالايتتى.

زەينۇرە كىچىكلىكىدە تىپ ۋە ھايات ھەققىدە ناھايىتى ئېغىر خىياللار سۈرەتتى. بولۇپمۇ زەينۇرە يەتتە ياشقا كىرگەندە ياش ئوفىتسىر دادىسى ئۆلۈپ كەتكىنى ئۈچۈن «ئىنساندىن چىقىپ كەتكەن جان قانداق نەرسە؟» «نېمىشقا چىقىپ كېتىدۇ ، نەگە كېتىدۇ؟» «دۇنيادا بار ئۆلمىنت يوق بولمايتتى، يوق ئۆلمىنت بار بولمايتتى!... جان نەگە كەتتى؟...» قاتارلىق ئېغىر سوئاللار ئۇنىڭ گۈدەك قەلبىنى مەشغۇل ئېتەتتى. بۇ سوئاللىرىغا جاۋاب تاپماق ئۈچۈن 1958 ـ يىلى قەشقەر تىببى مەكتەپكە ئوقۇشقا كىردى. ئۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇلغانلار زەينۇرەنىڭ ئىزدىگەنلىرى بىلەن ئوخشاش بىر نەرسە ئەمەستى. يەنىلا دادامنىڭ ئىزىنى بېسىپ دوختۇر بولاي، ـ دېدى. ئەمما كوممۇنىست خىتاي دەپ ئۇ يىللىرى ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى ۋەھشى ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاپ، بىرگىمۇ كوممۇنىست روسيە

www.uyghurkitab.com

كەبى «ستان» بەر دېگەنلەرنى ئېغىر جازالاشقا باشلىغان ئىدى.

زېنۇرە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخى دۈشمىنى ئەجدىهانىڭ پەنجىسىگە چۈشۈپ قالغىنىنى ئۇ ئان چۈشەندى . مېنىڭ ئۈچۈن ۋەتەننى قۇتقۇزماقتىن مۇهىم هېچ ئىش بولالماس دەپ چۈشىنىپ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ تىل - ئەدەبىيات كەسپىگە ئوقۇشقا كىردى.

1960 - يىلى ئۈرۈمچىدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش باشلىغاندا پۈتۈن جۇڭگودا ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن يىل ئىدى. ئاقسۇ بايدا 80% خەلقىنىڭ ئۆلۈپ، 20% نىڭ قالغان يىللىرى ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتتە ئوقۇغۇچىلار بىر هەپتىدە بىر قېتىم ئالقاننىڭ يېرىمى قەدەر بوغداي نېنى كۆرەتتى. باشقا ۋاقىتتا، قىزىلچىنىڭ سۇدا پىشۇرۇلغان ياپرىغى، سۆپۈرگىنىڭ ئۇرۇغى، قوناقنىڭ يامىسى...

1965 - يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ، يەنە شۇ مەكتەپكە مۇئەللىم بولدى.

«توققۇز بولاق»، «بۇلبۇل نەۋاسى»، «قار لەيلىسى» قاتارلىق شېئىر كىتابلىرى نەشر قىلىندى. «ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن يېزىقچىلىق بىلىمى» كىتابى چىقتى. «تۈرك تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى سېلىشتۇرمىسى»، «تۈركىي تىللارغا مۇقايسە»، «يېزىقنىڭ تىلغا تەسىرى»، «تۈركى تىللاردىكى فونتىك پەرقلەر نەدىن چىقتى»، «لوغەت فوندى يەلپازىسى» ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن، روسچە، ئەرەبچە، پارسچە كەلىمىلەر، (بۇلار شېئىر شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى) ئۇيغۇرچە مەنىداش، ئاهاڭداش سۆزلەر، ئۇرغۇ سۆزلەر لۇغەتلىرى توپلىنىپ ئايرىم - ئايرىم كىتاب هازىرلاندى. (تېخى بېسىلمىدى).

زېنۇرە باشقا ئۇستازلىرى بىلەن باراۋەر خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە 2 مىڭ بەتلىك چوڭ لوغەتنى ئىشلەشكە

قاتناشتى. (ئىشلەپ چىقتى) تىلدا ھەققىدە يازغان ماقالىلىرى ۋە پۈتۈن ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلىرىغا بەرگەن كۆپ قېتىملىق كونفىراسلىرى ئۈچۈن زەينۇرەگە تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ باشلىقى ئىبراھىم موتىئى تەرىپىدىن 27 يېشىدا «تىل ئالىمى» ئۇنۋانى بېرىلدى.

ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن باراۋەر توپلاپ ھازىرلىغان 5 مىڭ ۋاراقتىن ئوشۇق ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ۋە ماقال - تەمسىللىرىنى قوشنىسى ياش ئالىم ۋە ئۇستازى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىنگە تاپشۇرۇپ، 1985 - يىلى ئىككى بالىسىنى ئېلىپ تۈركىيىگە كەلدى.

«تۈرك ئەدەبىياتى» (ئەھمەد قاباقلىنىڭ ژۇرنىلى)دا «سېنى ئىزدەۋاتىمەن»، «ئۈچىنچى سەۋگى» ، «ھاھ . . . ھاھ . . . ھا . . . مەن تارىخچى» قاتارلىق ھېكايىلىرى ئېلان قىلىنىپ تۈرك خەلقىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

زەينۇرە 1999 - يىللاردىن باشلاپ گېرمانىيىدە رەسىم سىزىپ كۆپ قېتىم چوڭ كۆرگەزمە ئاچتى. (بىرىنچى قېتىملىق كۆرگەزمە ئەينىشتەيىن مەدەنىيەت سەنئەت مەركىزى كۆلۇبىدا بولدى. 15 ماركتىن بېلەت سېتىلدى) ۋە «دۇنيادا بىرىنچى قېتىم خىتاي قىيىن قىستاقلىرىنى سىزغان رەسسام»، «مەريەم ئانىنى سىزغان رەسسام»... بولۇپ تونۇلدى. زەينۇرەنىڭ سىزغان رەسىملىرىنى گېرمان ژۇرناللىرى ژۇرنالنىڭ تېشىغا باستى.

زەينۇرەنىڭ شېئىرلىرى گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىندى. گېرمانلار دىكلىماتسىيە قىلىپ ئوقۇشتى، گېرمان مۇزىكىلىرىغا قوشۇپ كاسەت ئىشلىدى.

زەينۇرە 2001 - 2002 - يىللىرى گېرمانىيىنىڭ مەشھۇر گىئوتى ئۇنىۋېرستېتىدە ئۇيغۇرچە دەرس بەردى. «بىر

مىللەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئۇنىڭ تىلىنىڭ تەرەققىياتى پاراللېلمۇ؟» دېگەن ماقالىسىدا ئىنگلىز ۋە خىتاي تىلىنى تەتقىق قىلدى.

گېرمانچە، تۈركچە بولغان ئۆزگۈر ساۋاشچىنىڭ ئىككى تىللىق لۇغىتىنى زوينۇرە ئۇيغۇرچىنى قوشۇپ ئۈچ تىللىق قىلدى.

2006 ـ يىلى «مەھمۇد كاشغەرى» ناملىق رومانىنى تۈركچىگە چۆرىدى.

بۇ توپلام زىمىنۇرە خانىمدىنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بېرى يېزىپ توپلىغان شېئىرلىرىدىن تەكىب تاپتى.

## مۇندەرىجە


بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى نەدە؟ ---------------- 13
مۇستەقىل دۆلەت قۇرماققا تەشنا ---------------- 13
نازىم ھېكمەتتىن بىر مىسرا ---------------- 14
ۋاز كەچمەيمەن ---------------- 15
ئاياقلىرىم باسىدىغان تۇپراق ئىزدەيدۇ ---------------- 16
يىغلىغان گۈل ---------------- 17
ئەپۇ قىلمايمىز ---------------- 18
ئېيىق يەر ---------------- 18
تۇف ---------------- 18
تۆكۈۋەتمىسىلە يۈزىمىزنى ---------------- 20
كۆپ ئورمانلار كۆردۇم ---------------- 21
ياشىغان ئۆلۈك ---------------- 23
مەن بىر ياۋاشتىم ---------------- 25
دەرەخ ---------------- 27
ياشىسام ---------------- 27
كۆڭلۈم ---------------- 28
ئاچ - توق ---------------- 28
ئىنسانلىق ئىزدەش ---------------- 28
ئىككى پالۋان چېلىشتى ---------------- 30
بۇلبۇلنىڭ تەقدىرى ---------------- 31
كۆڭلۈمنى بەرگەن ئىنسان بۇ مىدى؟ ---------------- 32
گىلاس چېچەكلەر تەكرار ئاچىدۇ ---------------- 32
ۋەتەنسىز قالدىم ---------------- 33

مۇستەقىل بولماق ---------------------------- 34

دۇنيا رېكورتى ---------------------------- 36

ئون ئۈچ يىگىت، ئون ئۈچ باھادىر ---------------------------- 37

مۇجاھىت ---------------------------- 38

بولسا ئىرادە ---------------------------- 41

ئوكيانۇستا يالغۇز قۇش ---------------------------- 42

تۈركىستانىنىڭ باللىرى ---------------------------- 43

گۈل ۋە تىكەن ---------------------------- 44

قولۇڭدا قولۇمدا ---------------------------- 44

پارتلا تەڭرىتاغ پارتلا ---------------------------- 45

سېپىمىزغا كەل ---------------------------- 45

نەدەن ---------------------------- 46

ئارىمىز ئۇزاق، كۆڭلىمىز يېقىن ---------------------------- 47

پارچىلار ---------------------------- 47

گۈزەل قەشقەر خۇشچە قال ---------------------------- 47

ئەينى ---------------------------- 48

بۇ قانداق ئىنسان ---------------------------- 49

مەن بىر ئانىغۇ! ---------------------------- 50

دۇنيانىڭ ئالىملىرى ---------------------------- 51

ناخشام ---------------------------- 52

ئوتنىڭ ئىچىدە قالدى ---------------------------- 53

يۈرەكلەرگە سېپىلگەن سۇ ---------------------------- 54

ئالمىخان ئاھاڭىدا ناخشا ---------------------------- 54

ئۇ يەر بىزنىڭ، تۇپراق بىزنىڭ، جاي بىزنىڭ ---------------------------- 55

بىرلىشەيلى ---------------------------- 55

بۇنىڭ ئىچىنى ھايات دەرلەر ---------------------------- 57

ئاتىلارنىڭ يۇرت سۆيگۈسى ---------------------------- 57

دەريا بويىدا 60
يىغلا تەڭرىتاغ يىغلا! 61
بىزنىڭ 65
ماڭا سىنىڭ بۈگۈنۈڭ لازىم 65
يالغۇز قۇلسەن ئۇيغۇرۇم 66
ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر 67
جىنىم يۇرتۇم 68
كەسلەنچۈك 68
تۈركىستان دېگەن قايسى 69
ئىتتىك بول دوستۇم! 70
ئۆزۈر تىلەيمەن 70
بىر يېتىم ئوغلاق 73
بىرمۇ ئۇيغۇر 73
شېھىد ئۆلمەس 74
تەشەككۈر تاشكەنت 75
يالۋۇرىمەن بىزلەرنى ساتما 76
ئېسىللار تارازىسى 77
ئىتتىپاق 80
گېرمانىيەدە گاچا قىز 81
كۈلۈپتىمەن 83
مىنىمۇ ئۇ قەپەسكە سولا 84
دېڭىزدىكى بىر خادا تاشمەن 85
مەن مەجبۇرمۇ 86
ساقايتقۇالايلى 88
ئانا يۇرتۇم ئاتا يۇرتۇم 88
مۇز تاغلاردا يانغىن بار 90
تۇرنىلار 91

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تىغ ئۇچىنى دۈشمەنگە قارات ---------- 91
خاتىرە كۆنى ---------- 92
جاۋاب بەر بېيجىڭ! ---------- 93
ھەسەل ھەرىسى بۇلۇتلىرى ---------- 93
تەگرىتاغدا تەگرىتاغدەك دوستۇم بار ---------- 97
مەن ئۇچ ئىنسانمەن ---------- 98
خەلقئارالىق ئادۋوكات ---------- 99
يېتىم - يېسىر ---------- 103
ئۇزاقتىكى يۇرتۇم ---------- 105
بۇرچۇم ---------- 106
كاشكى ---------- 107
ئەسىرگە سوئال ---------- 108
تارىم قىزى ---------- 109
پەخىر ---------- 109
ئاپەت ---------- 110
دېڭىزەمگە بىر قۇش قوندى ---------- 110
بىر زامانلار ---------- 111
تامچە يېشىم ---------- 111
شۇ ھايۋانات باغچىسىدا بولسام ---------- 112
تۇپراق بولۇپ كەتكەنگە قەدەر ---------- 113
كۆمۈلگەن قەلب ---------- 113
ئىچىمدە بار ئىكەن ---------- 114
ئىچىمدە ---------- 115
يىغلىغان گۈل داستان ---------- 116
سوي قىرىم ---------- 124
كۆلدۈم مەزە قىلىپ ئۆمرۈمدە بىر رەت ---------- 126
چىن سەددى ---------- 127

توقۇم (ئۆچۈلۈق) ---------------------- 128
ئىچىدە ---------------------- 128
يىغلا ---------------------- 129
مەن بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرىمەن ---------------------- 129
ئۈمىد يۇلتۇزى ---------------------- 130
ئىچىمدە، ۋاي ئىچىمدە ---------------------- 131
كۆڭۈل كۆرمىسە ---------------------- 132
خالىساڭ قايتىما ماڭا ---------------------- 133
كۆڭلۈم بىر دوست ئىستەيدۇ ---------------------- 133
قارا كۈنلەر دوستىمەن ---------------------- 134
قار لەيلىسى ---------------------- 134
سالام تۈركىيە ---------------------- 135
ۋاپاسىزغا ---------------------- 136
قولى يوق ---------------------- 136
ئاق ئەتىرگۈل ---------------------- 137
قىساس ---------------------- 138
پارچىلار ---------------------- 140
رەسسام ئاكا، سىزىپ بەر ---------------------- 140
توندى ---------------------- 142
ئىككى پاي ئوق ---------------------- 143
ئارمان چېچەكى ---------------------- 144
قويما بالام دوپپاڭنى ئوڭدا ---------------------- 146
تامچە يېشىم ---------------------- 147
سالام ئېيتتى (سالام ئەكەلدىم) ---------------------- 148
بەزەن ---------------------- 148
كىيىك ياتمىدى ---------------------- 149
ئۈچ تەرەپتىن ئۇرۇلدۇم (ئېتىلدىم) ---------------------- 150

ئۇيغۇر كىتاب تورىبكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كارۋان ---------- 151
سۈلىمايلى ئۈنى قەپەسكە ---------- 151
ئۇيغۇر ---------- 152
يالغۇز، يالغۇز كىرىشۋاتىمەن ---------- 152
ئوكيانۇستىن يار كەلدى ---------- 153
ئەسلا ---------- 153
ئۆمۈر قىسقا ---------- 154
تىڭشاۋاتىمەن ---------- 154
سىڭلىم ---------- 155
ئۇ دۇنياغا ---------- 156
ئال بىبەگىم ساڭا ئويۇنچاق ---------- 157
ئۆز تۇپراق ---------- 158
تولۇنئاي ---------- 158
ئۇ كىشى، تۈركىيە ئەمەس ---------- 158
قۇرۇغان گۈل قۇرۇغان ئىنسان ---------- 161
ئىستانبۇل ---------- 162
كىمنىڭ يۇرتىغا ---------- 162
تاغ چوققىسىدا ---------- 163
سوۋغام ---------- 164
ئاتوم بورانىدا قالدى ---------- 165
مىسقال تۆمۈر ---------- 166
ئۆملەيدۇ 17 ياشلىق ---------- 167
رۇبائىيلار ---------- 168

## بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى نەدە؟

بىر يۇلتۇزساقىدى،
چەكسىز بوشلۇققا شۇڭغۇپ،
بىر ۋەتەن، ـ ئۇنىڭ ئىسمى ـ
ئۇيغۇرىستان
يوق بولماقتا...
خىتاي ئەجدىھاسىنىڭ
قارنىغا سۇمۇرۇلۇپ.
بىر غالجىر ئىت
بىر بوۋاقنى يېمەكتە،
نەدە ئۇ، ئىتنىڭ ئىگىسى؟
نەدە ئۇ، بوۋاقنىڭ ئىگىسى
قېنى؟
نەدە؟
نەدە
بۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى؟

## مۇستەقىل دۆلەت قۇرماققا تەشنا

بارچە مىللەت ئۆز تۇپرىقىدا،
ئۆزىنىڭ بايرىقىنى لەپىلدىتىدۇ.
ئەمما ئۇيغۇرنى خىتاي جادىدا
بىدە كەسكەندەك شىپىھىد ئىتىدۇ.

بارچە باغچىدا هايۋاناتلارنى
ئىنسان ئەۋلادى قەپەستە باقار،
ئەكسىچە بىزدە، خىتاي هايۋانى

ئۇيغۇرلارنى قەپەسكە تىقار.

ئۇيغۇرلارنى قىلدى خىتايلار
بۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى قۇلى.
30 مىليون ئىزدەۋەرسەك
تېپىلماسمۇ ھۆرلۈكنىڭ يولى؟

قاچانغىچە دەريالىرىمىز
ئىلى، تارىم قان بولۇپ ئاقىدۇ؟
(يورۇڭقاش، زەرەپشان قان بوپ ئاقىدۇ؟)
ئۆزىمىز چاقمىساق كىم بىزنىڭكى -
پۇت - قولىمىزدىكى كىشەننى چاقىدۇ.

## نازىم ھېكمەتتىن بىر مىسرا

«سەن ياناماسان، مەن ياناماسام
ئايدىڭلىق كۈنلەرە كىم تاشىر بىزى؟!»[1]
(سەن كۆيمىسەڭ، مەن كۆيمىسەم
نۇرلۇق كۈنلەرگە كىم بىزنى ئاپىرىپ قويىدۇ؟)
نۇرلۇق كۈنلەرنى كىم بىزگە ئەكېلىپ بېرىدۇ؟)

چۆللەر سۇغا بولغاندەك تەشنا،
ئۇيغۇر خەلقى ھۆرلۈككە تەشنا.
قولغا ئالماق ئۈچۈن مۇستەقىللىقنى،
ئىتتىپاقلىق، بىرلىككە تەشنا.

---

[1] نازىم ھېكمەتتىن

ئەقلى باشتا ھەر ئۇيغۇر ھەر جان،
مۇستەقىل دۆلەت قۇرماققا تەشنا.
ئىلىكلىرىمىزدە سۇ ئىچكەن ياۋنى
سۈرۈمتۈقاي قوغلاشقا تەشنا.

## ۋاز كەچمەيمەن

تومۇرلىرىمدىن دۈشمەن دارغا ئاسسىمۇ،
يۈرىكىمنى قايناق ياغقا ئاتسىمۇ.
باھارىمدا ھايات قۇياشىم پاتسىمۇ،
يۇرتۇم ئۈچۈن دەۋادىن ۋاز كەچمەيمەن.

خائىن تۈلكە شىپاڭلاتسىمۇ قۇيرۇقىنى،
تۇتتۇرسىمۇ ياۋغا يوگەندۇرۇقنى.
ئېزىتقۇلار بىيجىڭدا ئالسا ھاردۇقىنى،
يۇرتۇم ئۈچۈن دەۋادىن ۋاز كەچمەيمەن.

ئېتى تۈركىستان شۆھرىتى بار تارىختا،
ئاي، يۇلتۇز بار كۆك نۇرلۇق بايراقتا.
مىليون قەلب ھۆرلۈك ئۈچۈن پىراقتا،
يۇرتۇم ئۈچۈن دەۋادىن ۋاز كەچمەيمەن.

جىڭموما ئۈچۈن ۋىجدانىنى ساتقانلار،
خائىنلىقنىڭ پاتقىقىغا پاتقانلار.
يولۇڭدىن قايت، ئارقاڭغا ئۇر نەيزىنى،
ۋەتەن ئۈچۈن پىدا بولسۇن بۇ جانلار.

سۆيگەن يارىم مەنپەئەت يولىدا كەتسىمۇ،

سەۋدا ئاشىق يېرىم يولدا پۈتسىمۇ.
كەمبەغەللىك پىچىقى سۆڭەككە يەتسىمۇ،
مۇستەقىللىق دەۋامدىن ۋاز كەچمەيمەن.

تەگرىتېغىغا تىكمىگۈنچە تۇغۇمنى،
ئۆچۈرمەيمەن يالقۇنۇمنى، چوغۇمنى.
شېئىر قىلدىم دۈشمەنگە بولغان ئوغۇمنى،
ھېچبىر زامان دەۋامدىن ۋاز كەچمەيمەن.

## ئاياقلىرىم باسىدىغان تۇپراق ئىزدەيدۇ

ئالەم بوشلۇقىدىمەن، ئاسمان بوشلۇقىدا،
ئۆز تۇپراقلىرىمنى
دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويغىنىم ئۈچۈن،
ئالەم بوشلۇقىدىمەن كۆكتە ئاسماندا،
ئاسماننىڭ چەكسىزلىكى، رەڭگارەڭلىكى،
سانسىز يۇلتۇزلىرى بىلەن چاتىقىم نېمە؟!
ئاياقلىرىم باسىدىغان تۇپراق ئىزدەيدۇ.
ئەجەبا ئۆز تۇپراقلىرىدا
ئۆز ئاياقلىرى بىلەن —
دەسسەپ يۈرەلىگەن ئىنسانلار
ئۆز تۇپرىقىغا دەسسەشنىڭ —
لەززەت قىممىتىنى،
ھۇزۇرى قەدرىنى،
بىلەمدىغاندۇ؟
ئىشەنمەيمەن.
ئۇلارنىڭ ئاياق تاپانلىرى
مەن ئارزۇلىغان ھېس،

ئېلېكتىرىكلارنى
ئالالامدىغاندۇ؟

دارغا ئېسىغلىقمەن
ئۆز تۇپراقلىرىمنىڭ سىغىنىش زەنجىرى،
زۇلۇم زەنجىرى بويىنۇمدا.
قوربانلىق قىلىنىۋاتقان قوزىنىڭ
پۇتلىرىنىڭ تىپىرلىشىغا ئوخشاش
پۇتلىرىمنىڭ تىپىرلىشى
شۇ سەۋەبتىنكى
پۇتلىرىم باسىدىغان تۇپراق ئىستەيدۇ.

## يىغلىغان گۈل

ئارغامچىغا ئولتۇرغۇزدى ئون ئۈچ ياش قىزنى،
ئالدى ـ ئارقىغا سىرىدى ياۋ ئۆلگەنگە قەدەر.
ئارغامچىدا تاش بەدىنى ئىككىگە ئايرىلىپ،
ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى تەرەپكە بۆلۈنگەن قەدەر.

مەسۇم قىزنىڭ گۇناھىمىش تامدىكى شوئار،
«كەلگەن يەرگە كەتكىن خەنزۇ، بىزنى قىلدىڭ خار»
قىز نالىسىدىن
كۆكتە تەۋرەش.
قىز نالىسىدىن تەۋرىدى ئاسمان، تۆكۈلدى يۇلتۇز
ئۇ قىز ئۈچۈن بوگۈنمۇ يىغلاپ تۇرغان چېچەك بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## ئەپۇ قىلمايمىز

نەسلىنى بۇزۇپ خىتايلارغا تەككەنلەرنى،
مۇسۇلمان بېشىنى توڭگۇز بېشىغا چەككەنلەرنى.
يۇرت چوڭى بوپ خىتايغا بويۇن ئەگكەنلەرنى،
ئىككى دۇنيا ئەففەتمەيمىز، جازالايمىز.

## ئېيىق يەر

ئۆز مىللىتىڭدىن يۈزۈڭنى ئۆرۈپ،
تېرىلغان تېرىق دانىسى بولما.
ئايرىلغاننى ئېيىق يەر، بۆلۈنگەننى بۆرە.
كېيىن پۇشايمان بوپ چېچىڭنى يۇلما.

## تۇغ

ۋەتەننى خىتايغا تارتقۇزۇپ قويۇپ،
بىر - بىرىمىزنىڭ كۆزىنى ئويۇپ.
مىللەتچىلەرنىڭ تېرىسىنى سويۇپ،
ئوينىغان ئويۇن - تانسىلارغا تۇغ.

ئالتۇن، نېفىتلىرىمىز خىتايغا كەتسە،
خەلقىمىز ئاچلىقتىن پەريادلار ئەتسە.
زۇلۇم خەنجىرى سۆڭەككە يەتسە،
ئۇخلىغان ئۇيقۇ خورەكلەرگە تۇغ.

نېمە قويدى دەپ زەھىرىنى چېچىپ،
مىللەتچىلەردىن ئۇزاقتا قېچىپ.

ئەلنىڭ دۈشمەنىگە ئىشكىنى ئېچىپ،
جېنىنى باققان نىم جانلارغا تۈف.

ئۆزىنىڭ تۇپرىقىنى مېنىڭ دېيەلمىگەن،
ئۆمرىدە بىر رەت راست كۈلەلمىگەن.
يۈرەك سۆزىنى سۆزلىيەلمىگەن،
ئاجىز قورققاق بەندىلەرگە تۈف.

يۇرت ئۈچۈن مېڭىسىنى ئىشلىتەلمىگەن،
دۈشمەنلىرىنى يەر چىشلىتەلمىگەن.
هۆرلۈك تولپارىنى كىشنىتەلمىگەن،
بىغەم، بىپەرۋا لايغەزەلگە تۈف.

دوست ـ دۈشمەننى پەرق ئېتەلمىگەن،
ياۋنى دېڭىزغا غەرق ئېتەلمىگەن.
هالال ـ هارامنى پەرق ئېتەلمىگەن،
دىنسىز كالتە پەم ئىنسانلارغا تۈف.

بىر بايراق يېنىدا ئۆملىشەلمىگەن،
نەپسىگە چوغ تارتىپ، جەملىشەلمىگەن.
قوناق يامىسىدەك يەملىشەلمىگەن،
ئۆزىنى بىلمەس كۆرەڭلەرگە تۈف.

كىيىۋالغىنى مىللەتچى قالپاق،
ھەقىقىي يۈزى خىتايغا پايپاق.
راست مىللەتچىگە قۇيىدۇ قىلتاق،
خەتەرلىك مەلئۇن ساختىكارغا تۈف.

www.uyghurkitap.com

ۋەتەن قۇتقۇزۇش ھەممىمىز ئىشى،
جەڭگە ئاتلانسۇن ئەركەك ۋە چىشى.
زەپەر بىزگە يار، گەرچە ياۋ ۋەھشىي،
ئۈمىدسىز، روھسىز بەندىلەرگە تۇف.

## تۆكۈۋەتمىسىلە يۈزىمىزنى

ھۆر يۇرتلارغا كىلىپ قاللا،
تۇركىنىڭ تۇزىنى يەپ قاللا.
خىتايغا قىلىپ ھەشقاللا،
تۆكۈۋەتمىسىلە يۈزىمىزنى.

چاشقان كەبى ئول كولاپ،
مۇجاھىدلارنى غاجىلاپ.
مىللىتىمىزنى پارچىلاپ،
تۆكۈۋەتمىسىلە يۈزىمىزنى.

ھۈنەرلىرى غەيۋەتمۇ؟
سۇ ئىچەملا شەربەتمۇ.
سورۇن سىلىگە پۈرسەتمۇ،
تۆكۈۋەتمىسىلە يۈزىمىزنى.

قاراپ بىقىپ ئەينەككە،
كاللىدىكى پەينەككە.
كۆچنى توپلاپ جەينەككە،
تۆكۈۋەتمىسىلە يۈزىمىزنى.

ئوقلىرى خىتايغا ئەمەس،

دوقلىرى خىتايغا ئەمەس.
سوغۇقلىرى خىتايغا ئەمەس،
تۆكۈۋەتمىسىلە يۈزىمىزنى.

سىلىدەكلەرنىڭ دەستىدىن،
ئۆيۈشالمىدۇق ئەسلىدىن.
ئۆزگەرسىلە يېڭىدىن،
تۆكۈۋەتمىسىلە يۈزىمىزنى.

## كۆپ ئورمانلار كۆردۈم

كۆپ ئورمانلار كۆردۈم.
بۈلۈت سۆيگەن شەمشاتلارنىڭ
تۈۋىدىن ئۆچىغا يۈگۈرگەن
تىيىنلەر، ئاغمىخانلار بىلەن
مۇسابىقىلەشتى كۆزلىرىم.
بەزەن مەجنۇن تاللار شېخىدىن
يامغۇر تامچىلىرىغا قوشۇلۇپ
سىرىلدىم تامچىلىدىم.

كۆپ ئىنسانلار كۆردۈم
بىرلىرىنى كۆرسە
شەمشاد دەرىخىدەك تىك.
بىرلىرىنى كۆرسە
مەجنۇن تالنىڭ شاخلىرىغا ئوخشاش.
كىمدۇر بىرلىرى
قانۇنلاشتۇرىدۇ ئادالەتسىزلىكلەرنى.
- ۋاي ئەپەندىم

بۇ ئەمەلدار باشلىقتۇر
ئىگىلىمەك شەرت،
بۇ قارا ئىشچىدۇر
يەنجى
ئېزىپ كەت.
بۇلار توغرا ئەمەس دەيتتى كۆڭلۈم
ئەمما بۇنىڭ توغرىسى نەدە؟
ئىزدەش بىلەن ئۆتتى ئۆمرۈم.
بۇ ئىزدەش يولىدا قالدى.
ياشلىقىم، كۈچۈم، گۈزەللىكىم.
يول ئاخىرىسىدا سورۇدۇم ئۆزۈمدىن
ئەجەبا
يوق نەرسىنى ئىزدەپ يۈردۈممۇ مەن؟
«ياق، ئۇنداق ئەمەس» - دېدى.
گېرمانىيەدە بىر سادا.
مېنىڭ ئىزدىگەنلىرىم بۇ يەردە ئىدى.
مەن ئىزدىگەن قەلب
ئىنسانلىقنى، ئۆلكىسىنىڭ مەنپەئەتىنى
كېسەللىرىنىڭ مېيىپلىرىنىڭ ھەققىنى
ئىشلىگەنلەرنىڭ ھەققىنى
ئۆز مەنپەئىتىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى.
گويا پۈتۈن ئۆلكە بىر مەكتەپ
ھەر كىم ئوقۇغۇچى.
ھەر زامان ئۆگىنەتتى، ئوقۇيتتى
ئىشلەپ تالمايتتى.
گويا ھەممە ئىنسان باراۋەر،
پەقەتلا ئىش تەقسىماتى ئايرىم.

# ياشىغان ئۆلۈك

ئەڭ ئوبدان بىلگەن نەرسىسى قاھ- قاھلاپ كۈلمەك،
سېسىق قاپاقتىن تۆكۈلگەن سۇدەك ۋالاقلاپ كۈلمەك.
غەرق مەست ياكى تەلۋە كېيىن مەنىسىز كۈلمەك،
نېمىگە كۈلگىنىنى ھېچ بىلمەستىن ھاياسىز كۈلمەك.

ياشىغان ئۆلۈك كۈلۈشتىن باشقا كىيىنمەكنى بىلۇر،
سودا- سېتىق پايدا قارىنىپ سۆيۈنمەكنى بىلۇر.
دوست تۇتۇشنى چۆجە- خورازدەك سوقۇشماقنى بىلۇر،
دوستلىرى بىلەن كاناي سىقىشىپ بوغۇشماقنى بىلۇر.

ياشىغان ئۆلۈك ئۆي تۇتۇشنى تاماقنى بىلىدۇ،
مىللەتچىسىگە قاپقان تۇزاق قارماقنى بىلىدۇ.
ھەر ماقامغا داقا- دۇمباق چالماقنى بىلىدۇ،
مەنسەپدارنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان ئالماقنى بىلىدۇ.

ئاللاھتىن قورقماس، يۇرتنى باسقان خىتايدىن قورقار،
ئەل ئىشى ئۈچۈن بىر تاشپاقا، ئۆز ئىشىغا شوڭقار.
بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويار، ئىشقا ياغار قار.
كۆرەلىگىنى بورنىنىڭ ئۇچى نەزىرى بەكمۇ تار.

ياشىغان ئۆلۈك تاتىسىز، تۇزسىز نەقىلچى سۆزمەن،
بەزىسى تورار ئۆز يۇرتىدا بەزىسى كۆچمەن.
ئادالەتچى مىللەتچىسىگە يۈرەكتىن ئۆچمەن،
مىللەتچىنى تىرىك كۆمۈشكە ئىزدەيدۇ كەتمەن.

ياشىغان ئۆلۈك نورمال ئىنسان تېشىدىن پەرقسىز،

...رگى ئۇنىڭ كۈنى ئۆتمەس قومدەك غەيۋەتسىز،
ۋەتەن قوتقۇزۇش يولىغا تارتساڭ ماڭماس غەيرەتسىز،
ئۆزىنى بىلمەس ئۇنىڭ قەلبى دائىما ئەينەكسىز.

ياشىغان ئۆلۈك ئەيشى - ئىشرەتنى سۆيەر، ۋەتەننى سۆيمەس،
ئۆز مىللىتى، مىللەتچىسى خەلقىنى سۆيمەس.
چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى ھايات، روھى ئۆلگەن، بەس!
ئۆپكە، مىڭە يۈرەك جىگەرنىڭ تىرىلمىكى تەس.

خۇشاللىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەس، كۈلۈشنى بىلىدۇ،
مەقسەت - نىشان نېمىلىكىنى بىلمەس مېڭىشنى بىلىدۇ.
ئەلگە بىر نەپ بېرىشنى بىلمەس ئېلىشنى بىلىدۇ.
ۋەتەن قۇتقۇزۇش سېپىنى بىلمەس قېچىشنى بىلىدۇ،
(ئۆز ئۇيغۇرى مىللەت تۇپىدىن قېچىشنى بىلۇر).

ياشىغان ئۆلۈك ئۆز - ئۆزىدىن سوئال سورالماس،
ھايۋانلاردىن پەرقىم يوقمۇ؟ يەپ - ئىچىش، ئويناش.
ۋەتەن قورۇلسا ئىنسان كەبى ياشىمامدۇق ئاداش،
ئولىمپىياتتا مېدال ئالماقتا تۇنۇگۈنكى ئاياش.

مەن نېمىشقا ئىنسان كەبى پىكىر قىلالمايمەن؟
ئىنسانى ھەق - ھوقۇقۇمنى قولغا ئالالمايمەن؟
قوللۇق تونگىنى نەدىن يېشىلۇر، نېمىشقا تاپالمايمەن؟
نومۇسىمىزنى چەيلىگەنگە مۇشت ئاتالمايمەن.

نېمىشقا ئۆلكەم ئىسمىنى توغرا ئاتىيالمايمەن؟
ئۆز تېغىمغا ئۆز تۇغۇمنى قادىيالمايمەن؟
مۇجاھىدنى تاتىلماستىن نېمىشقا تۇرالمايمەن؟

لىدەرىمنى غاجىلىماستىن نېمىشقا تۇرالمايمەن؟

ياشىغان ئۆلۈك ۋىجدان غۇرۇر نومۇستا گاداي،
قارنى توقتۇر يانچۇقتا پۇل ئۆيلىرى ساراي.
بىر قولى ئۇنىڭ ھەسەل توشدا، بىر قولىدا ماي،
ئۇنىڭ خەلقى لاي سۇ ئىچىدۇ تاپالماستىن چاي.

ياشىغان ئۆلۈكلەر جەم بولۇشسا مەسخىرىگە ئامراق،
سېتىلمىلار مۇجاھىدنى قىلىشار مازاق.
ئاق قوچقاچتەك جىۋىلدىشار:
«قارىغىنا شېھىت
ئەنە تۇرمىدە بىزنى مۇستەقىل قىلماقچى ئەخمەق»

ئەي ئۇيغۇرۇم سەن بىر ياشىغان ئۆلۈك بوپ قالما!
خەلقئارادا غەيرىي مەخلۇق كۆلۈك بوپ قالما!
قارىغايدەك تىك تۇر ئەۋلاد سۆلۈك بوپ قالما!
رەزىل دۈشمەن قوللىنىدىغان مۆلۈك بوپ قولما!

سۇ تۇرماسىمۇ سىۋەتلەردە، گەر سەۋەب قىلساڭ،
قۇللۇق زەنجىرى يېشىلمەسمۇ ئاچقۇچىنى تاپساڭ.
ئەل سەكراتتا ساقايماسمۇ دورىسىنى تاپساڭ،
ھۆر مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان چارىسىنى تاپساڭ.

## مەن بىر ياۋاشتىم

مەن ياۋاشتىم، ئەدەپلىك مۆلايىم يەتتە بوۋام،
ئاڭلانمايتتى ئەتراپقا ۋار - ۋۇر جېدەل توۋام.

ياۋاشلىقتىن «مېھمانغا» كەلسە ئاچاتتىم ئىشىكىمنى
بالىلىرىغا بەردىمەن ئۆزۈم ياتقان بۆشۈكۈمنى.

بىچارىكەن ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇسۇلمانكەن مېھمانلار،
دۈشمىنىمىز خىتاي بىلەن ئۆرۈشۈپ سوقۇشۇپ قاچقانلار.

تۆرلىرىمدىن يەر بېرىپ ئۆزۈم ئولتۇردۇم پەگاھتا،
ئالتۇن بىلەيزۈك تاقىدىم قوللىرىغا زەگادا.

مېھمان بىلەن ئەزرائىلنىڭ تىلى بىرمۇ دىلى بىر،
بىلەلمىدۇق ئاخىرىدا قايسى پاكىز، قايسى كىر.

زەنجىرسىمان سۆرىشىپ كېلىشۈەردى خىتايلار،
يۇرتىمىزغا سەل كەبى ئېقىشۈەردى خىتايلار.

«تۇپراق مېنىڭ كەت!» دېدىم پۇت ـ قولۇمنى باغلىدى،
كېسىپ كىچىك تىلىمنى قىزىق ياغدا داغلىدى.

ئاپپاق قارلار ياققان كۈن قىلدى مېنى سازايى،
«بۇنىڭ كەبى بولسىڭىز بىرىمىز مۇنداق جازانى»...

دېدى خىتاي ماشىنىنىڭ ئۈستىگە ئالدى مېنى،
ئىككى چىكەمدىن نەيزىلەر كوچىغا سالدى مېنى.

تىلىم كېسىك بولغىنى ئۈچۈن، سۆزلىيەلمىدىم سۆزۈمنى،
پەقەت تىكتىم ئاخىرقى رەت ۋەتەن خەلقىمگە كۆزۈمنى.

بىرسى نان، بىرسى هاراق كەينىدە چېپىشۋاتاتتى،

بىرسى مايمۇنىنىڭ ئۇچۇق كۆتىنى شىپىر قەغەزدە يېپىۋاتاتتى.

مېنىڭ يۈرەك قېنىمدىن ئاپپاق قار بولدى قىزىل،
پەرىشتىلەر قارشى ئالدى، ئاياغلىرىغا تاقاپ زىل.

تىلىم كېسىك، دوستلارغا قىلالمىدىم گېپىمنى،
«ياۋاشلىقتىن قۇرالمىدىم، مەن ئوردۇمنى، سېپىمنى»

دۈشمەنگە ياۋاش بولماڭ، قاتىل، زالىم، قەيسەر بولۇڭ،
قاراڭغۇدا خەلققە چاقماق بولۇڭ، مەشئەل بولۇڭ.

يامان بولۇپ، بىشەم بولۇپ، ئىنسان ھەقلىرىنى ئىزدەڭ،
يالغان مۇساپىر راست دۈشمەن خالىمايمىز ئەسلا بىز، دەڭ.

تاغ ـ تاشلارغا كۆمۈلدۈم، ياۋاشلىقىقا مىڭ پۇشايمان،
تاغنى يېرىپ پارتلىدىم، ياۋاش بولدۇم ۋۇلقان.

## دەرەخ

قارا بوراندا سۇنۇپ كەتتى دەرەخ،
نە دەرەختىكى ئۇ، مېنىڭ كۆڭلۈم.
يۇلتۇزلاردىن سورايمەن بەزەن،
سۇنۇقلۇقتا مەھكۇممۇ ئۆمرۈم.

## ياشىسام

چاقماق بولۇپ چېقىپ ياشىسام،
يۈرەككە ئوتلار يېقىپ ياشىسام.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئانا ۋەتەن چۆللۈكلىرىگىدە
زىلال سۇ بولۇپ ئېقىپ ياشىسام.

## كۆڭلۈم

ئەجنەبىي يۇرت، ئەجنەبىي ئورمان
ئەجنەبىي ئۇۋچىغا ئوۋلاندى كۆڭلۈم.
ئەجنەبىي تۇپراق، ئەجنەبىي ئاياق،
ئىككىسى ئارىسىدا قىۋراندى كۆڭلۈم.

## ئاچ - توق

بىر زامانلار توق ئىدىم،
بىلمەستىم ئاچ ھالىدىن.
ئەمدى «ئاچ» نىمە بىلگەندە
چۈشتى ياپراق تالىدىن.

## ئىنسانلىق ئىزدەش

پەلەكتىن ئوغۇرلىدى يېرىم مىنۇتنى،
بېلىق دېڭىزدىن ئوقچىدى ھاۋاغا.
ساقىدى ئاسماندا يېگانە يۇلتۇز،
كېچە غەمكىن باقسام ساماغا.

ئوقچىغان بېلىق، قايمىش يۇلتۇزدىن
سوردۇمەن:
«سەپەر نەگە» - دەپ
جاۋاب بەردى: « يوقلىپ كەتكەن

ئىنسانلىقنى ئىزدەشكە ھەدەپ».

سەن نېمە دېسەڭ دە
ئۇ تۇپراق بىزنىڭ
سەن نېمە دېسەڭ دە!
ئۇ بايراق بىزنىڭ.

سەن نېمە دېسەڭ دە!
چېگراڭ چىن سەددى.
بارمۇ ئۆلكەمدە
تەتەيىنىڭ ھەددى.
بولاپ ئەكەتتىڭ؟
بايلىقلىرىمىزنى،
ئاتومدا ياقتىڭ،
يايلاقلىرىمىزنى.
كەلگەن يېرىڭگە
كېتىۋال تېزدىن
كۆرگۈلۈكۈڭنى
كۆرىسەن بىزدىن،
ئاققان قانلارغا
ھېساب سورايمىز
مىيىپ جانلارغا
ھېساب سورايمىز
دۇنيا ئۇزاتتى
ياردەم قولىنى
ئۇيغۇرلار قوردى ھۆرلۈك ئۇلىنى.
ھېساب سورايمىز
ياقاڭنى تۇتۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۇخلاۋەرمەيمىز
يەنە قان يۇتۇپ
ئويغىنىپ كەتتى
ئەمدى ئۇيغۇرلار.
شانلىق تارىختا
باتۇر مەغرۇرلار
ئۈزىدۇ ئەمدى
قۇللۇق زەنجىرنى
ئاچىدۇ ئالەمگە
ھىلەنى، سىرنى.

## ئىككى پالۋان چېلىشتى

ئىككى پالۋان چېلىشتى،
بىرسىنىڭ ئىسمى:
ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى
ئىككىنچىسىنىڭ ئىسمى:
شىكەرى مەنپەئەت.
مەن
بىرىنچى پالۋاننىڭ
غەلىبە قىلىپ چىقىشىنى خالايتتىم.
ئىككىسى،
ئېلىشتى، چېلىشتى،
تىركەشتى
ئاخىرىسىدا
ئىككىنچى پالۋان
شىكەرى مەنپەئەت غەلىبە قىلدى
بۇندىن كېيىن

ھەممىشە بۇ غەلىبە قىلسا
ئەجەبا
نېمە بوپ كېتەر بۇ دۇنيانىڭ ھالى.
گېرمانىيە (2003)

## بۇلبۇلنىڭ تەقدىرى

ئالالاھ تائالا تەرىپىدىن،
ئەڭ گۈزەل ئاۋاز بېرىلگەن جانلىق
يەنى بۇلبۇل قوش،
قەپەستە ئىدى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە قەپەس قاپ - قارا قېلىن رەخ بىلەن
يۆگەپ قويۇلغانتى.
ئۇ قاراڭغۇ قەپەس ئىچىدىن چىققان ئاجايىپ گۈزەل ئاۋاز،
تىڭشىغانلارنى مەھلىيا قىلغان ئىدى.
بۇ ئاۋازدىن،
بوستانلىقتا كاۋاپ، ھاراق ئىچىۋاتقان كىشىلەر ھوزۇر
ئېلىۋاتاتتى.
بۇلبۇل باققۇچىسىدىن سوردۇم:
- نېمىشقا بۇنى قاپلىتىپ قارانلىققا مەھكۇم قىلىپ
قويدىڭىز؟
- بۇنىڭ تەقدىرى مۇشۇنداق - دېدى.
ئەجەبا، بۇ قەدەر دېگەننى
يوقمۇ ھېچ تېگىشتۈرمەك ئىمكانىمىز؟
ئەجەبا....
ئەجەبا...
2002 - يىل گېرمانىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كۆكلۈمنى بەرگەن ئىنسان بۇ مىدى؟

كۆكۈل بەرگىنىم ئىنسان بۇمىدى؟
مەن بۇ سوئالنى يۇلتۇزدىن سورۇدۇم.
كۆل بويىدا كىچە، شولام ھەمرادى،
سۇنىڭ ئىچىدە قۇندۇزدىن سوردۇم.

كۆكۈل بەرگىنىم ئىنسان بۇمىدى؟
مەن بۇ سوئالنى ئۆزۈمدىن سوردۇم.
قورۇغان دەريا كەبى قوپ ـ قورۇق،
يىشى قالمىغان كۆزۈمدىن سوردۇم.
كۆكۈل بەرگىنىم ئىنسان بۇمىدى؟
مەن بۇ سوئالنى چاقماقتىن سوردۇم.
قۇشلار تەرك ئەتمىش بوم ـ بوش ئۇگا
بوش قۇش ئۇگىسىدەك يۈرەكتىن سوردۇم.

## گىلاس چىچەكلەر تەكرار ئاچىدۇ

گىلاس چىچەكلىرىگە پۈرگەنگەن باغچە،
چىچەكلەرنىڭ شىرىن پۇرىقى مەھلىيا قىلىۋاتاتتى.
قەدىر راسلاتتى
كۆزلىرىڭگە كۆزلىرىمنى.
ئارىمىزدا ئۇچقۇنلار
ئارىمىزدا ئاتەش
قولىمىزدا بولمىغان تىلسىم...
سىرلىنىپ قالغانتۇق ئاشىقلىق دۇنياسىدا.
سۆزلەنمىگەن كۆپ سۆزلەر
ئىچىمىزدە قالدى.

بەلكى بۇ دۇنيادا ئىمكانسىز تەكرار كۆرۈشمەك
تۇيۇقسىز چىققان قارا بوران
گىلاس چېچەكلىرىنى تارقاتتى ھەر يان...

يەنە باھار كېلىدۇ،
گىلاس چېچەكلىرى تەكرار ئاچىدۇ.
گىلاس چېچەكلىرىنى يېنىدا باشلانغان
ئۇ ئاشىقىمىزنىڭ
ئەپسۇسكى ئۇنداق بەختى يوق.

گىلاس چېچەكلىرى تەكرار ئېچىلىدۇ.
گېرمانىيە (2002)

## ۋەتەنسىز قالدىم

ۋەتەن دېدىم ۋەتەنسىز قالدىم،
بورانلارغا مەن گىرە سالدىم.
ئاچچىق يۇتتۇم، زەھەرلىك ئاچچىق،
دەرتلەردىن مەن ساۋاق ئالدىم.

دوستلىرىم خېلىدىن مەندىن قېچىشتى،
دۈشمەنلىرىم سەنمۇ قاچقىنا!
يېقىنلار يۈزۈمگە يېپىۋەتتى ئىشىك،
ئاللاھىم يېگى، بىر ئىشىك ئاچساڭ!

تونۇغۇنكى دوست، بۈگۈنكى پاترون،
يۈكسەكلەردىن باقىدۇ ماڭا.
«تونۇلمايدۇ، يىقىلدى ئۇ» دەپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

توپلىشىپ تاشلار ئاتىدۇ ماڭا.

ۋىجدانىم راھەت، ئۇ توپلۇم ئۇچۇن،
پۈتۈن ئۆمرۈمنى مەن پىدا ئەتتىم.
ئوتىدا كۆيۈپ، سۆيىدە ئېقىپ،
ئېقىنغا قارشى كۆرەكلەر چەكتىم.

ۋىجدانىم راھەت ۋەتەن خەلقنى،
قۇتقۇزماق ئۇچۇن ئۆمرۈمنى بەردىم.
ئورۇغانلىرىم يېگىلىگى گەرچە،
ئەمما زېمىنىڭ توخۇمىنى تەردىم.

## مۇستەقىل بولماق

«ئاسماندىكى ئاي ئىدۇق،
يەرگە چۈشتۇق لاي بولىدۇ.
جاندىن ئەزىز باللار ئىدۇق،
سېنىڭ ئالدىڭدا خار بولدۇق»
مىللىي ئارمىيە رىزۋانگۈللەر
قاسقان شەپكە قەيسەر، دۇلدۇللار،

«بەل باغلىغان جەڭلەردە،
ئۇيغۇر قىزى رىزۋانگۈل.
سەن ئەمەسمۇ تۇزىماي،
ئېچىلىپ تۇرغان قىزىل گۈل»

ئاي يۇلتۇزلۇق توغ قوللاردا ئىدى،
ئۇيغۇر خەلقى ھۆر يوللاردا ئىدى.

«مىللىي ئارمىيە كەلدى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
گومىنداڭ قوپۇپ قاچتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك»

جاللات ـ جاللاتقا سېتىۋەتتى بىزنى،
يەتتە دوزاخقا ئېتىۋەتتى بىزنى.

ستالىن ساتتى ماۋغا ـ خەنزۇغا،
كىيگىنىمىز كېپەن، يېگىنىمىز ئوغا.

يەنە خەلقىمىز ئەقىللىق ئىكەن،
قارچۇغىمىزغا پاتسىمۇ تىكەن.

ئېلىكلىرىمىزنى يېسىمۇ دۈشمەن،
ئەلمىساقتىن بىزلەرگە ئۆچمەن.

سۆڭەكلىرىمىزنى كۆكۈم قىلسىمۇ،
تاپانلىرىمىزدىن تەتۈر ئاسسىمۇ.

تەسلىم بولمىدۇق ئېرىپ كەتمىدۇق،
تۇيۇق يوللارغا كىرىپ كەتمىدۇق.

دىنىمىزغا يېپىشتۇق مەھكەم،
بىر ـ بىرىمىزگە يېپىشتۇق مەھكەم.

ئىتتىپاقلىقنىڭ قەدرىگە يەتتۇق،
مۇستەقىللىقنىڭ قەدرىگە يەتتۇق.

دۈشمەنلەرنىڭ مەيدىسىگە تەپتۈق،
ئۇلار دېدى «ئازغىنىپ كەپتۇق»

بىزنىڭ يۇرتتىكى ھەر گىياھ قىلىچ،
كېسەر خىتاينى بولالماس تىنچ.

بىزنىڭ يۇرتنىڭ يامغۇرلىرى ئوق،
دۈشمەن بېشىغا ياغىدۇ توك ـ توك...

چۈنكى ئۇيغۇرلار ئويغىنىپ كەتتى،
دۈشمەن يىلاندەك تولغىنىپ كەتتى.

ئاڭلىدى ئۇيغۇر مۇستەقىل بولماق ـ
بىردىن بىركى يول يوقتۇر ھېچ ئازماق.

## دۇنيا رېكورتى

بىرى تىكتاكتا
بىرى ماكماكتا

بىرى سەكرەشتە
بىرى ھۆكرەشتە

بىرى ئېگىز ئاتلىمالاردا،
بىرى يوغان قاتلىمالاردا.

دۇنيا رېكورتى
قىرىپ تۇرىدۇ

ئالەم بۇنى
بىلىپ تۇرىدۇ

ھۆرمەتلىك ئۇستاز
ئابدۇلئەزىز مەخسۇم
خىتاي تۇرمىسىدە
ياتتى ئەللىك يىل
زىندان زۇلمى
چەكتى ئەللىك يىل

ۋەتەننى بىزنى
قۇتقۇزماق ئۈچۈن
قىيىن - قىستاقلار
چەكتى ئەللىك يىل
مانا بۇدۇر دۇنيا رېكورتى
بىزنى يورۇتتى ئۇ، ئىنسان نۇرى.

## ئون ئۈچ يىگىت، ئون ئۈچ باھادىر

ئون ئۈچ يىگىت، ئون ئۈچ باھادىر،
خىتاي تۇرمىسىدىن قاچالىدى.
پۇت - قولىدىكى زەنجىرنى ئۈزۈپ،
قوش ئۈچۈپ ئۆتەلمەيدىغان
يۈكسەك پامىر تاغلىرىغا
ئىرماندى باتۇرلار
قارلار ئارىسىدا قالدى
بۇ ياش قەھرىمانلارنىڭ
بارماقلىرىدىن پارچە...

پاكىستان - دىن قېرىندىشىمىز
تۇپرىقىغا سەجدە
قىلدى ئۇلار
ۋەتىنى ئۈچۈن ۋەتىنىدىن ئايرىلىشتى
ئۇلار
ئىنسان ھەقلىرىغا ھۆرمىتى بولغان
غەرب دۇنياسىغا دەردلىك باغرىنى
ئاچماقچىدى.
ۋەتەن خەلقىنى خىتاي زولمىدىن
ئەجدىھا ئىتتىن قوتقۇزماقچىدى.
گىلگىت پولىسى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا سانىدى
خىتايدىن ئالغان مەينەت پۇللارنى
ئوچۇقچە بازارلاشتى
زەنجىرىنى يېڭى قوتۇلغان قول پوتلارغا تەكرار
تاقالدى زەنجىرلەر
پاكىستان پولىسىنىڭ كۆزىدە ئاتتى ئۇلارنى چېگرىدا
خىتاي

قوشنا پاكىستان پاكلىقىڭ قېنى؟

## مۇجاھىت

ئاسمان ساڭا يوتقان بولدى،
يەر كۆرپە،
تاغلار ياستۇقۇڭ،
قار شىۋىرغاندا، يالاڭ كىيىم،
يالاڭ ئاياق،
ياشىيالىدىڭ،

ياكى
رەببىم سېنى،
ئايرىمچە بىر ماتېرىيالدىن ياراتتى،
ياكى
ئىنسانچە، ئاللاھ سۆيگۈسى،
ۋەتەن سۆيگۈسى،
ۋەتەن قۇتقۇزماقتىن ئىبارەت —
ئۇلۇغ يولغا كىرگەنلىكىڭ،
كارامىتى
سەن تۇغۇلدۇڭ
ھەتتا ئەتراپىڭغا
ئىسسىقلىق تاراتتىڭ.
قۇشلار ياۋا چېچەكلەر،
سېنى ئالقىشلايدۇ،
قۇشلار ساڭا،
كونسېرتلار قويۇپ بېرىدۇ،
مەرىپەتلىرىنى كۆرسىتىپ،

تاغ سۇلىرىنىڭ شاۋقۇنى
بورانلار چالغان گۈدۈك،
مەردلىكىڭگە مەردلىك قاتىدۇ
بەزەن بىر قازاق شائىرىنىڭ
شېئىرى ئېسىڭگە كېلىدۇ:
«ئۆلسەك ئەگەر
كۆككە قاراپ ياتىمىز.
ئۆلمىسەكلا
دۈشمەنگە ئوق ئاتىمىز.»

ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ
چېگرالارنىڭ ئۇ، تەرىپىدە.
ئوغاقتەك دۇمچەك بولۇپ قالغان—
ئانالڭ —
يالغۇز ئىدى.
باققۇچىسىز قالدى...
خاتا قىلمىدىڭسەن،
ئەقىل تارازاڭدا،
ۋەتەن سۆيگۈسى
مۇستەقىللىق سۆيگۈسى
باشقا پۈتۈن سۆيگۈلەردىن—
ئېغىر باستى...
بۇ يولدا ئىشەندىڭ ئۆزۈڭگە
بىر كىشىلىك تۆھپە قاتالايدىغانلىقىڭغا!

تومۇرلىرىڭدىكى ئېسىل قان،
ئەۋلادلاردىن قالغان —
قەھرىمان روھ
ئېتىلدۇردى سېنى
بۇ جاپالىق كۈرەشلەرگە.
سەن خۇشاللىقنى
بۇ يولدا تاپتىڭ.
قەلبىڭ شادلىق بىلەن
نۇر بىلەن تولغان.
بۇ يولدا ھەر نەرسە
سېنى سۆيۈندۈردى:
بىر يۇتۇم سوغۇق سۇ،
بىر يۇتۇم تالقان.

سەندىكى ھۆزۈر
سەندىكى پاكىز روھ.
مەن ـ مەن دېگەن —
دۆلەت باشلىقلىرىدا يوق.
تاغلار،
تاشلار،
يۆلغۇنلار،
ياپراقلارمۇ ھەتتا ساڭا دۇئا قىلىدۇ:
مۇرادىڭغا يەتكىن مۇجاھىت!

## بولسا ئىرادە

سەن دېدىڭكى: بولسا ئىرادە،
تىك چوقىدىن يوللار تاپىمىز.
مەن دېدىمكى: «دۈشمەننى قوغلاپ،
تۇپرىقىمىزغا گۈللەر ياپىمىز.»

بىز يۈگۈردۇق تاغنىڭ بېشىغا،
سەن قوغلىدىڭ قاچتىم قاھ ـ قاھلاپ.
تاغ شامىلى ئۈزۈن ساچىمنى،
بىر گۈزەلچە تۇراتتى شاراپ.

بىر ئان باقتىم ئارقامدا سەن يوق،
يالغۇز قالدىم تاغنىڭ بېشىدا،
يۇلتۇزلار توپ ـ توپ ئاي يالغۇز ئەمەس،
چولپان يۇلتۇز بار ئۇنىڭ قېشىدا،

كۆزلىرىمدىن ئاققان تامچىلار،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرېسى

يۇمۇلاتتى قويدەك تاغنىڭ تېشىنى.
قەيەرلەردىدۇر ھۇۋۇلايدۇ بۆرە،
مېنى يېيىشكە بىلەپ چىشىنى

دېدى شامال: «ئاھ سېنىڭ يارىڭ
باشقىسى بىلەن كەتتى ئۇزاققا.
ۋاپاسىزغا كۆڭلۈڭنى بېرىپ،
چۈشۈپ قاپسەن چوڭ بىر تۇزاققا.»

شامال قىرغىز يالغانچى ئىكەن.
كەلدى يارىم تاغنىڭ بېشىغا.
ئېسىۋاپتۇ يولۋاس تېرىسىنى
باتۇر قامەت نوچى دولىسىغا.

## ئوكيانۇستا يالغۇز قۇش

ئوكيانۇستا يالغۇز قۇش،
قونىدىغان بىر تالىڭ يوق،
پۇل ـ پىچەكۇ مالىڭ يوق.
سېنى كۈتكەن يارىڭ يوق.

ئوكيانۇستا يالغۇز قۇش
ھاردىڭ، بىتاب ھالىڭ.
ئۆپۇق يىراق، يول ئۇزۇن،
قانات قاقماسقا چارەڭ يوق.

ئوكيانۇستا يالغۇز قۇش
قېقىۋەرگىن سەن قانات،

ئاللاھتىن ئۈمىد كېسىلمەس
رەھىمىسىزدۇر بۇ ھايات.

## تۈركىستانىنىڭ باللارى

(«گۈزەل ئىلى باغلارى ئاھاڭىدا»)
بولبۇلى جىمىپ قالغان،
گۈللىرى قۇرۇپ قالغان.
راست يىغلاپ، كۈلگەن يالغان،
تۈركىستانىنىڭ باللارى

پاك دىلىدا ئىمانى،
توخىتىلغان زۇۋانى.
بەختسىزلىك قۇربانى.
تۈركىستانىنىڭ باللارى.

ئۈمىدىڭنى ئۈزۈۋەتمە،
ھەق يولدىن چىقىپ كەتمە.
خالتا كوچىغا كىرىپ كەتمە،
تۈركىستانىنىڭ باللارى.

بىزگىمۇ ئاپتاپ بولۇر،
بىزگىمۇ مەھتاپ بولۇر.
ئاي يۇلتۇز توغ قوللاردا،
بىزگىمۇ بايرام بولۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## گۈل ۋە تىكەن

بىرلىرى دەيدۇ، ھەر بىر ئىنسانىنىڭ
«ئالدى گۈلدۇر، ئارقىسى تىكەن»
بۇ پەتىۋا غەيۋەتچىلەرنىڭ
كۆتۈرۈۋالغان بايرىقى بوپتىكەن.

مەن ئېيتىمەن ئىنسان ئىككى خىل
بەزىسى گۈلدۇر، بەزىسى تىكەن.
مەيلى ئۇلار قەيەرلىك بولسۇن
ئالتاي، پىچان، پەيزىۋات، يەركەن.

ۋەتەن خەلق ئۈچۈن ياشىغان ئىنسان
مەڭگۈ تۇرۇماس، خۇشپۇراق گۈلدۇر.
شەخسى مەنپەئەت كۆزلىگەن ئىنسان
سىبىسىق تىكەندۇر، ئەخلەتتە كۆلدۇر.

## قولۇڭدا قولۇمدا

ئاللاھ مېنى ئىنسان ياراتتى،
ئىنسان بولماق مېنىڭ قولۇمدا.
نومۇس، ۋىجدان غورۇرلىرىمغا،
ئىگە چىقماق مېنىڭ قولۇمدا.

ئەزىز جاننى بەرگەنكەن خۇدا،
جاننى ئالماق ئاللاھ قولىدا.
مەن كۆڭلۈمنى بەردىمغۇ ساڭا،
كۆڭلۈمنى ئالماق سېنىڭ قولۇڭدا.

## پارتلا تەڭرىتاغ پارتلا

سەۋرىمىز تاشتى بۇگۇن،
پارتلا تەڭرىتاغ پارتلا.
يوق بولماقتا تۈركىستان،
پارتلا تەڭرىتاغ پارتلا.

قىزىل خىتاينىڭ زۇلمىنى،
پۈتۈن دۇنيا ئاڭلىسۇن.
تۈركىستان مۇجاھىدىنى،
پۈتۈن ئالەم داڭلىسۇن.

تۈركىستان تۇپرىقىدىن،
خىتايلارنى قوغلايلى.
مۇستەقىل ھۆر تۈركىستان،
كەل، باراۋەر قۇرايلى.

## سېپىمىزغا كەل

كىم بولساڭ بول، سېپىمىزغا كەل
چېلىۋاتقان، دېپىمىزغا كەل.
چۆلدە سۇ، كېچىدە گۇلخان،
ئاقىلانە گېپىمىزگە كەل.

ئار ـ نومۇس بىلمەس ئىپلاس دۇشمەننىڭ
ئايىغىدا قۇل بوپ ياتماقتىن.
بارمۇ سەت ئىش تۇپراق، ھۆرلۈكنى،

ۋەتىنىنى پۇلغا ساتماقتىن.
بارمۇ سەت ئىش قۇللۇق تامغىسىنى
نەۋرىلىرىگە مىراس قويماقتىن.
بارمۇ سەت ئىش دۈشمەنگە غالچا،
دوستىنىڭ پوستىنى تەتۈر سويماقتىن

قۇتۇلايلى بۇ سەتچىلىكتىن،
سىپىمىزغا كەل كۈرەش قىلايلى.
نەسلىمىزنى قۇرۇتقان ياۋنىڭ —
يۈرىكىدىن تاسما قىلايلى.

## نەدەن

يالغۇز بېشىمغا قار ياغار ئەتراپ باھار يازلار نەدەن؟
چوڭ ئىدى يۈرەك يارام سەپتىم ئاڭا تۇزلار نەدەن؟

ماڭا ماتەم كۆيلىرىگە ياۋغا شادلىق پەدىگە،
چېلىنار دۇتار، راۋاب دۇمباق نەي سازلار نەدەن؟

ئېتىمىزغا كېۋەز تېرىپ كۆزۈم نۇرىدا سۇ بېرىپ،
مول ھوسۇل دەپ ئالقىنىم بىر تۇتام مازلار نەدەن؟

شاتلىقىم دېڭىزىغا سالسام ئۈمىدىم پارخوتى،
چۆلدىكى زەمزەم بولۇپ، دېڭىز سۈيى ئازلار نەدەن؟

يىغلىما زېمنۇرەسەن، بۇ پەلەك بىر جادىگەر،
مەن ئۈيۈنچۈق ئاۋجۇندىكى ئۈنىڭ ئۈچۈن «ئاھ ۋاھ» لار نەدەن؟

## ئارىمىز ئۇزاق، كۆڭلىمىز يېقىن

قۇملار چېچەكلەيتتى ئۇزاقلاردا قومسالللاردا
ئىنسانلارنىڭ كۆڭلى ئەمەس،
ئالتۇنلار يۇيۇپ ئاقاردى تاغ سۇلىرى،
ئۇ، دەريالار قۇرۇپ قاپتۇ، بەس.

مۇساپىرلىق يامغۇرلىرى دەرىزەمنى چەككەندە،
خىيالىم كېتىدۇ، ئىسسىق قۇملۇقلارغا يالاڭ ئاياق.
ئۇ تاشلار ياقۇت، تۇپراقى گۆھەر يۇرتۇم.
ھەر گىياھ ھەر تاغ مازارلارغا ئاچىمەن قۇچاق.

چۇشلەر شېرىن، ئارزۇلارنىڭ قاناتلىق ئاتلىرى
ئاپىرىدۇ مېنى يۇرتۇمغا زامان ـ زامان.
ئارىمىز بەك ئۇزاق كۆڭلىمىز يېقىن
كۆرۈشمەك قۇرۇق خىيال رەڭگىم سامان.

## پارچىلار

زالىم پەلەك جۇۋاز بولدى،
مەن بىر زىغىر
دەرد ـ ئەلەمنىڭ ئوقى تېگىپ،
جىگەرىم غەلۋىر....
(1985 ـ يىلى ئۈرۈمچى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# گۈزەل قەشقەر خۇشچە قال

ئايروپىلانىنىڭ دەرىزىسىدىن ئاخىرقى رەت،
تامام ۋەسلىم كۆز ئەيلىدىم باقتىم ساڭا.
مۇھەببەتتە ئېرىپ سۇغا ئايلاندى تەن،
يۈكسەك كۆكتىن يامغۇر بولۇپ ياغدىم ساڭا.

ھەر گۈل - گىياھ تاشلىرىڭغا سېلىپ گىرە،
پىچىرلىدىم مېنى كۈتكىن ئامرىقىم دەپ.
پىچىرلىدى ئۇلار ماڭا «چوڭ يۈرۈشتە -
ھېچكىمدىن زادى كېيىن قالمىغىن» دەپ.

ئانار گۈلى تۈتتى ماڭا سانسىز قەدەھ
ئەنجۇر گۈزەل گاچا قىزدەك قىينىلاتتى.
نېمىشقا مەن يارالدىمكى تىلسىز بولۇپ،
بىلىپ كەلگىن، دېگەندەكمۇ تۇيۇلاتتى.

نۇزۇك قىزىڭ «گۈزەل قەشقەر سەن خۇشچە قال،
دېگىنىچە كۆرەلمىدى تەكرار سېنى.
شاتلاندۇردى روھىنى بىراق سەندە ئېتىلغان،
جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغانلىقى توپىنىڭ ئۈنى.

مەن قايتىمەن گۈزەل قەشقەر سەن خۇشچە قال
ئېلىپ ھۆرلۈك گۈللىرىنى قۇچاق - قۇچاق.
سەن ئانام بوپ كۈتۈۋالغىن ئۇ چاغ مېنى،
كىيىنىپ ھۆرلۈك تاجىسىدىن سۆسەر تۇماق.

## ئەينى

قول تۇتۇشۇپ سەيلە قىلغان دېڭىز بويى،
مەھتاپ[1] ئايىنى، تولۇنئاي ئەينى.
كۆپ كۆك دېڭىز يېشىل ياپراقلار،
گۈل چىمەن ئەينى كەگرى ساي ئەينى.

قارلىق تاغلار ئوينىاق قوزىلار،
جۈپ ـ جۈپ ئۇچۇشقان قۇشلارمۇ ئەينى.
بىرلا ئۆزگەرگەن سېنىنىڭ قەلبىڭ يار،
يەر كۆك ئەينى، كۆز ياشلار ئەينى.

## بۇ قانداق ئىنسان

ھۆر ئۆلكىدە ياشاپ تۇرۇپ خىتايغا ئىشلەيسەن،
دۈشمەن بار ئىكەن سەن دوستلارنىڭ پۇتىنى چىشلەيسەن.
ئاتلار كىشنە ھۆرلۈك ئۈچۈن، قۇللۇقتا كىشنەيسەن،
كۆزۈڭ ئۈچۈق ھۆر دۇنيانىڭ نۇرىنى كۆرمەيسەن.

تۈگەتمەكتە قىزىل خىتاي ئۇيغۇر نەسلىنى،
زىمىستانغا چۆرۈمەكتە باھار پەسلىنى.
ئالەم بىلدى خىتايلارنىڭ ياۋۇز قەستىنى،
پەقەت سەنلا، خاتا ھېساب قىلدىڭ ئەتىنى.

ۋەتىنى ئۈچۈن جەڭ قىلماقتا ئۇيغۇر مەردلىرى،
كۆكنى تەۋرىتىپ، يۇلتۇزنى تۆكەر ئۆلارنىڭ دەرتلىرى.
كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەيمەكتە باھادىر سەپلىرى،

---

[1] مەھتاپ ــ ئايدىڭ كېچە.

ئۇيغۇرىستان ھۆرلۈكىدىن باشقا يوقتۇر نەپلىرى.

ئوق ئاتىسەنغۇ، ئالدىنقى سەپ جەڭچىسى دۈمبىسىگە،
كۆلكە قاتىسەن خىتايلارنىڭ ئاچچىق كۆلكىسىگە.
ئاشىقمۇسەن چاڭچىلەكەشنىڭ تەتەي تۆلكىسىگە،
قانداق مەخلۇقلار قىلار خائىنلىق ئۆزىنىڭ ئۆلكىسىگە.

بۇ قانداق يۈز، بۇ قانداق كۆز، بۇ قانداق ۋىجدان؟!
دوست ـ دۈشمەننى تونۇمىغان بۇ قانداق ئىنسان؟!

## مەن بىر ئانىغۇ!

(1997ـ يىلى چىن زالىملىرى، مۇجاھىت ئۇيغۇر ياشلىرىنى، ئانا ۋە دادىلىرىنىڭ كۆزىدە، ئاچ ئىتلارغا يېدۈردى)

كۆز دېمەڭلار، قەلبىم كۆرىدۇ،
كۆز يېشىمدا كېمە يۈرىدۇ.
يۇلتۇزلارغا ۋارقىراپ سورايمەن،
نېمىشقا خىتايلار ھۆكۈم سۈرىدۇ؟

مەن ئانامەن كۆز يېشىم قاندىن،
پەرزەنتىمنى ئايرىدى مەندىن.
پۇت ـ قولۇمنى ئاغزىمنى باغلاپ،
يېدۈردى بالامنى ئاچ ئىتقا بىردىن.

كۆز ئالدىمدا ئايدەك بالامنى،
كۆز قارچۇغۇم يۈرەك پارەمنى.

ئاچ ئىتلارغا يېدۈردى دۈشمەن،
تىگشا جاھان، مېنىڭ نالەمنى.

كۆز ئالدىمدا قاپشىپ پارچىلاپ،
ئاچ ئىتلارغا يېدۈردى نۇرۇمنى.
جىگەرىمدىن ئاق سۈتلەر بېرىپ،
باقمىش بىر تال نۆۋە گۈلۈمنى.

بالامنى ئەمەس، يۈرىكىم باغرىم،
ئىلىكلىرىمنى يېدى ئاچ ئىتلار.
ئىتلار ئەمەس ئۈگىسىغا سىغمىغان،
خەنزۇ ئىسىملىك ئاچ سېسىق پىتلەر.

## دۇنيانىڭ ئالىملىرى

دۇنيانىڭ ئالىملىرى
ئەتتى كۆپ نەرسە ئىجات.
ئۇ ئىجادلار سايىسىدە،
ئىنسانلار تاپتى نىجات.

قۇياش ئەنەرجىسى تۇگەمدۇ؟
مايمۇن ناخشا سۆزلەمدۇ؟
ئىت، بېلىقلار ھاۋلامدۇ؟
ئاراشتۇردى ئالىملار.

ئەمما پۈتۈن ئالىملار،
تېخى بىلمىگەن بىر سىر بار.
خىتايدىن كېلىپ چىققان،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

يېشىلمىگەن بىر سىر بار:

يەتتە قىتئەگە خىتايلار،
مىليونلاپ خىتاي ئەۋەتتى.
خىتاي ئۆزىنىڭ نەسلىنى،
مىكروب كەبى كۆپەيتتى.

بۇ دۇنيانى نە زامان،
قىزىل ئەجدىھا يۇتىدۇ؟
تۈگىتىپ ئىنسان نەسلىنى
يىلان مۇرادىغا يېتىدۇ؟

## ناخشام

ئۆلتۈرغان بولساڭ قوپ، قوپقان بولساڭ يۈگەر-
ھېسنى بېرەلىسىدى ئوقۇغان ناخشام.
خىيال دېڭىزىدا ئۈزدىرەلىسە،
ئۆيقۇسىز قالغىنىڭدا مەھتاپلىق ئاخشام.

ئۇرۇشۇپ قالغان ئىككى مۇجاھىت،
قۇچاقلاشسا، ناخشامنى ئاڭلاپ،
ئوقۇسا ناخشامنى، تال چىۋىقلارنى،
ئات ئېتىپ ئوينىغان باللار يۈگۈرۈپ،
رېمونت قىلسا قەھرىمان غازى،
دات باسمىش قورالىنى، مىلتىقلىرىنى.
ئاتسا باللار دۈشمەن دەرىزىسىگە
تاش، چالما، كىسەك قىلتاقلىرىنى.

ھەممە تۆتسا ئىككى قوللاپ مۆجاھىتقا،
نان، سۇ شەپقەت بارى ـ يوقىنى.
ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن،
ئەتسە دۇئا، ئاتسا ئوقىنى.

مىنىڭ سۆزلىگەن ناخشىلىرىم يەتسە
ھەر يۈرەكنىڭ بىغىشلىرىغا
ھەركىم يىڭنىچە بىر روھ بەرسە.
پىكىر، مۇددىئا مىڭىشلىرىغا.

## ئوتنىڭ ئىچىدە قالدى

ئاتومنىڭ ئوتىدا قالدى،
ئۇيغۇرىستان باغلىرى.
كۆيمەكتە ئالتاي، پامىر
ئەزىمەت تەڭرىتاغلىرى.

ئاتوم ئوتىدا قىپ قالدى،
قارلىق تاغدا بوۋاقلار.
ئانىسىنىڭ قارنىدا،
ئۆلتۈرۈلگەن ئوماقلار.

«قوتقاز» دەيدۇ يۇلتۇزنى،
ئات، قوزا، ئىنەكلەر.
ئىچىلماي تۈرۈپ قۇرىغان.
غۇنچە گۈللەر، پەلەكلەر.

ئەقىل ئالماس زۇلۇمدا،

جان چېكىشىدۇ تۈركىستان.
ئەسكى تۈركى ماكانى،
ئۇيغۇرىستان - گۈلبوستان.

## يۈرەكلەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇ

ئوت بىلە زىخ ئارىسىدا كۆيۈۋاتاتتى كاۋاپ،
نە كاۋاپكى،
ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇساپىرلىق ئارىسىدا
كۆيەتتى يۈرەك.
ئۇ يۈرەككە سوغۇق سۇ سىڭىپ كەتتى.
سىڭىپ كەتكەن سۇ، مۇزتاغدىن كەپتۇ.
ئون مىڭ يىلدىن قۇم تېگىدە،
قۇم باستى شەھەر، —
تەكلىماكان - تەكتى ماكان
چۆللەردىن كەپتۇ.
يۈكسەك ئېگىز تاغ بېشىدا،
بوغدا كۆلى بار،
يۈرەكلەرگە سىڭىپ كەتكەن سۇ،
ئۇ كۆلدىن كەپتۇ.

ھەممە ئۇيغۇر بىر نىيەت
يېڭى زېھنىيەت،
يا ئىستىقلال — يا ئۆلۈم،
ناخشىمىز پەقەت.



## ئالىمخان ئاھاڭىدا ناخشا

ئاھ جانىما تۈركىستانىم
بىلمىگەنلەر سوراۋاتىدۇ «تۈركىستان قانداق بىر يەر؟»
«تۇپرىقى ئالتۇن، دەرياسى نېفىت تەگدىشى يوق گۈزەل يەر.»
تۈركىستاندا جىن - شەيتانلار ئىنسان ھەققىنى چەينىدى،
دۇنيا خەلقى خىتايلارغا لەنەت ئېيتىپ قاينىدى.
ھەر يەر كەبى تۈركىستانىنىڭ ھۆر بولۇشقا ھەققى بار.
ئۆز تۇپرىقى، بايرىقىغا ئىگە بولما ھەققى بار.
ئاھ جانىما تۈركىستانىم
پىدا ساڭا ئەزىز جانىم.

## ئۇ يەر بىزنىڭ، تۇپراق بىزنىڭ، جاي بىزنىڭ

ئۆزلۈكىدىن بەش يۈز مېتىر ئېگىزگە،
ۋۇلقان كەبى ئېتىلىپ چىقىدۇ پېتروللار،
يايلاقلىرىغا سىغمايۋاتىدۇ، قوي، قوزا،
قايماق ئىنەك، ئۇچار ئاتلار دۈلدۈللار.

ئۇ يەر بىزنىڭ، تۇپراق بىزنىڭ، جاي بىزنىڭ
كۆپ - كۆك بايراق نۇرلۇق ھىلال ئاي بىزنىڭ.

ئىلى، تارىم، زەرەپشانلار دەريالار،
ئالتۇن چايقاپ، ئۈنچە چېچىپ ئاقىدۇ.
تاغلىرىنىڭ ئىچى ياقۇت، بىرلىيانتتىن.
قار لەيلىسى يۈكسەكلەردىن باقىدۇ.

ئۇ يەر بىزنىڭ، تۇپراق بىزنىڭ، جاي بىزنىڭ

جان چېكىشىدۇ تۈركىستان.
ئەسكى تۈركى ماكانى،
ئۇيغۇرىستان ـ گۈلبوستان.

## يۇرەكلەرگە سىڭىلگەن سۇ

ئوت بىلە زىخ ئارىسىدا كۆيۈۋاتاتتى كاۋاپ،
نە كاۋاپكى،
ئادالەتسىزلىك بىلەن مۇساپىرلىق ئارىسىدا
كۆيەتتى يۈرەك.
ئۇ يۈرەككە سوغۇق سۇ سىڭىلدى.
سىڭىلگەن سۇ، مۇزتاغدىن كەپتۇ.
ئون مىڭ يىلدىن قۇم تىگىدە،
قۇم باسقان شەھەر، —
تەكلىماكان ـ تەكتى ماكان
چۆللەردىن كەپتۇ.
يۈكسەك ئىگىز تاغ بېشىدا،
بۇغدا كۆلى بار،
يۇرەكلەرگە سىڭىلگەن سۇ،
ئۇ كۆلدىن كەپتۇ.

ھەممە ئۇيغۇر بىر نىيەت
يېڭى زېھنىيەت،
يا ئىستىقلال — يا ئۆلۈم،
ناخشىمىز پەقەت.



## ئالمىخان ئاھاڭىدا ناخشا

ئاھ جانىما تۈركىستانىم
بىلمىگەنلەر سوراۋاتىدۇ «تۈركىستان قانداق بىر يەر؟»
«تۇپرىقى ئالتۇن، دەرياسى نېفىت تەگدىشى يوق گۈزەل يەر.»
تۈركىستاندا جىن ـ شەيتانلار ئىنسان ھەققىنى چەينىدى،
دۇنيا خەلقى خىتايلارغا لەنەت ئېيتىپ قاينىدى.
ھەر يەر كەبى تۈركىستانىنىڭ ھۆر بولۇشقا ھەققى بار.
ئۆز تۇپرىقى، بايرىقىغا ئىگە بولما ھەققى بار.
ئاھ جانىما تۈركىستانىم
پىدا ساڭا ئەزىز جانىم.

## ئۇ يەر بىزنىڭ، تۇپراق بىزنىڭ، جاي بىزنىڭ

ئۆزلۈكىدىن بەش يۈز مېتىر ئېگىزگە،
ۋۆلقان كەبى ئېتىلىپ چىقىدۇ پېترولىلار،
يايلاقلىرىغا سىغمايۋاتىدۇ، قوي، قوزا،
قايماق ئىنەك، ئۇچار ئاتلار دۇلدۇللار.

ئۇ يەر بىزنىڭ، تۇپراق بىزنىڭ، جاي بىزنىڭ
كۆپ ـ كۆك بايراق نۇرلۇق ھىلال ئاي بىزنىڭ.

ئىلى، تارىم، زەرەپشانلار دەريالار،
ئالتۇن چايقاپ، ئۈنچە چېچىپ ئاقىدۇ.
تاغلىرىنىڭ ئىچى ياقۇت، بىرلىيانتتىن.
قار لەيلىسى يۈكسەكلەردىن باقىدۇ.

ئۇ يەر بىزنىڭ، تۇپراق بىزنىڭ، جاي بىزنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۆپ ـ كۆك بايراق، نۇرلۇق ھىلال ئاي بىزنىڭ.

## تاغلار تاغلار ئېگىز تاغلار

تاغلار تاغلار ئېگىز تاغلار،
بىزلەرمۇ ئىنسان.
ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتەنسىز بىز
ھەر يەردە سەرسان.

بىزمۇ ئىنسان، ئىنسان كەبى
ياشىماق ئىستەيمىز.
بايرىقىمىزنى ئەۋلادلارغا
تاشىماق ئىستەيمىز.

نەدە بىزنىڭ ئىنسان ھەققى
ھوقۇقلىرىمىز
نەدە بىزنىڭ ئالتۇن، نېفىت
قۇدۇقلىرىمىز.

## بىرلىشەيلى

ۋەتەن ئۈچۈن ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇر،
تىرىلىپ ھەريان قانىتىدىن قايرىلغان ئۇيغۇر.

بىرلىشەيلى بايراقىمىز يېنىدا بارىمىز،
ۋەتەن قۇتقۇزۇش يولىدا پىدا جانۇ مالىمىز.

قۇل بولمىغان باتۇرلاردىن ئاتا بوۋىمىز،

ئالتۇن - كۆمۈش مەدەنگە باي تاغ تۇپراقىمىز.

دۈشمەن باستى باشىمىزنى يېتەر ئەللىك يىل،
تۇشۇپ كەتتى ئاشىمىزنى يېتەر ئەللىك يىل.

ۋەتىنىمىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەييار ھەممىمىز،
ئىنسانى ھەق، ھوقۇق ئۈچۈن تەييار ھەممىمىز.

## بۇنىڭ ئېتىنى ھايات دەرلەر

يىغلاپ كېلىمىز بۇ دۇنياغا
ئۇندىن كېيىن
يىغلىماسلىق ئۈچۈن
ھەرىكەتلەر قىلىمىز
تىرىشىپ، تىرمىشىمىز
كىملىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەمەس
ئائىلىلىرىمىز ئەمەس
پۈتۈن ئۆلكىنى
يىغلاتماسلىق ئۈچۈن
ھەرىكەت قىلىمىز
بۇنىڭ ئېتىنى ھايات دەرلەر.
كېيىن ئارقىمىزدا يىغلىغانلىرىمىزنى قويۇپ
دۇنيادىن كېتىمىز
كەلمەك - كەتمەك بىر قولىمىزدا ئەمەس
ئەمما يىغلىماماق
يىغلاتماماق
بىزنىڭ قولىمىزدا.
(2002- يىلى گېرمانىيە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## ئاتلارنىڭ يۇرت سۆيگۈسى

غۇلجىنىڭ تىك باشلىق ئارغىماقلىرىنى،
قارا شەھەرنىڭ نازۇك يوگۇرەك ئاتلىرىنى
(بەلكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئاتىنىڭ نەسلى)
مىڭلاپ - مىڭلاپ
پويىزغا بېسىپ
خىتاي ئۆزىنىڭ يۇرتىغا،
بېيجىڭگە كۆتۈرمەك بولدى
پاقا، توڭگۇز، توخۇدىن باشقا
چارۋىسى يوق خىتاي -
يۇرتىغا ئەكىتەر بولدى.

ئاتلارنى خىتاينىڭ ئەسكەرلىرى
ئېتىپمۇ،
كالتەكلەپمۇ
پويىزغا قاچىلالمىدى.
تا ... مەملىكىتىدىن
بۇ ئاتلارنى بېقىپ يېتىشتۈرگەن
ئاتچىلارنى ئەكەلدى.
- بۇيرۇق، بۇ ئاتلارنى قاچىلا پويىزغا!
ئاتلار ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ
يۇلتۇزغا قاراپ چىقىراپ كەتتى.
بەلكى ئاللاھقا يالۋۇردى ئاتلار،
- تۇغۇلغان تۇپراقلاردىن ئايرىما بىزنى!
تۇغۇلغان يۇرتتىن ئايرىساڭ ئايرى
خىتاي قولىغا چۇشۇرمە بىزنى.

ئاتچىلارنىڭ بېشىدا
قوراللىق خىتاي ئەسكەرلىرى
- «قاچىلا ئاتنى» تېپىپ تۇرىدۇ،
ئىچىگە ھاۋا تولدۇرۇلغان
پاقىغا ئوخشاش كۆپىيىپ تۇرىدۇ،

ئاتچى باشلىدى سۆيگەن ئاتلىرىنى،
كالتەكلەپ ئۇرۇپ قاچىلىغىلى.
ئاتلار باشلىدى تۇغۇلغان تۇپراق -
توپىسىنى يۇراپ غاجىلىغىلى.

بەزى ئاتلار ئاخىرقى قېتىم
ئۆز تۇپرىقىدا ئىغىنىۋالماقچى
«بۇ يەردە بىر سىر» دېگەندەك ئاتلار
تۇپراقىدا يەر قېزىپ تېپىنىۋالماقچى.

ئىنسانلاردىن كۈچلۈكمۇ قانداق،
ئاتلارنىڭكى ئۆز يۇرت سۆيگۈسى.
ئات كۆزلىرىدىن ئېقىتىدۇ ياشلار،
مالچىلارنىڭ يىغلىدى ھەممىسى...

ئاھ تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەمەس،
مالLIرىنىڭمۇ يىغلاتتى خىتاي.
يېشىل يايلاقتا يايلىغان ئاتنى
بىردىن «كالتەكلەپ» ھەيدەتتى خىتاي.

(ئىككى يىل كېيىن)

هېچكىم ئىشەنمەس ئاتتىن ئىككىسى
كەلدى بېيجىڭدىن ئىلقىغا قېچىپ،
قارشىلىدى يۇرتداشلار ئۇنى
قۇچاقلىرىنى ئىنسانچە ئېچىپ.

ئات باقارلار ئاتنىڭ يۈزىگە ـ
ياقتى يۈزىنى، كۆزلىرىدە ياش.
ئات كۆزىمۇ ياش، ئۇرۇق ۋە قوتۇر
ئانا تۇپراققا قويالىدى باش.

ـ جىرىڭ، جىرىڭ، ۋەي ۋەي مەن بېيجىڭ!
ئىككى ئاتنى ئەۋەتىۋەت دەرھال!!
غەزىپىدىن دەرەخنى مۇشتلاپ
لەنەت بولسۇن دەۋەتتى بىر چال.

مالچى ئامالسىز باشقا ئىككى ئات
ئەۋەتىپ بەردى بېيجىڭ خىتايغا
خەلق يۇرت سۆيەر بۇ ئىككى ئاتنى
تېگىشمەيدۇ كۆكتىكى ئايغا.

## دەريا بويىدا

ساي بىلەن كەمەردۇر دەريا
تۇرىمەن ئۇنىڭ بويىندا تەنها
زۇمرەت دەريا، ئويناق دولقۇنلار
تۇيغۇلىرىمنى قىلغاچ مەھلىيا.

كۆچلۈك ئېقىم قويدەك، قوزىدەك
قۇرام تاشلارنى ئېقىتىپ تۇردۇ.
چۆرىسىدىكى ياۋا گۈللەرگە
ئۈنچە ـ مارجان چېچىپ تۇردۇ.

بىردىن ئەقلىمگە كەلدى بىر پىكىر
دەريا سۈيىگە سالسامكەن يۈگەن
تىلسىم يۈگەن كۈچىدىن دەريا
ئارقىسىغا قاراپ ئاقسىكەن.

مۇمكىنمۇ دوستلار دەريا سۈيىنى
ئارقىسىغا قاراپ ئاقتۇرماق
بۇ بولمىغۇر قۇرۇق خىيالغۇ،
مەن ئۈنچىلا بولامدىم ئەخمەق.

ئەمما دوستلار دەريا سۈيىنى
ئوخشىتىمەن يارىم قەلبىگە
ئۆزگىگە قاراپ ئېقىپ كەتتى ئۇ،
قانداق قايتۇراي ئۇنى كەينىگە.

## يىغلا تەڭرىتاغ يىغلا!

ئىچىڭ ئالتۇن گۆھەرگە لىق تولسىمۇ گەرچە،
تاغلار ئىچىدە ئەڭ باي تاغ دەپ بىلسىمۇ بارچە.

كۆكتىن بارچە تاغ بېشىغا بەخت نۇر ياققان،
تاشتىن تاشقا زۇمرەت سۈيى شوخ ئەركىن ئاققان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com

تەڭرىتېغى ساڭا ياغدى خىتاي چايانى،
ئىنسانلىقتىن بەكمۇ ئۇزاق پاتقاق قاۋانى.

بىلەلمىدىڭ يىپەككە ئوراپ قىزىنى ئۇزاتسا،
بىلەلمىدىڭ تويۇڭ بولدى دەپ سېنى قوشاتسا.

مىليون چايان سانجىپ تۇرار ساڭا زەھىرىنى،
پويىز بىلەن توشۇپ تۇرار بېجىڭگە بارىنى.

تۇپراقىڭنى مېنىڭ دەيدۇ خىتاي داپ يۈزلەر،
پاقا تىرىپ يەپ تويالمىغان ئۇ گازىر كۆزلەر.

قۇرۇتماقچى ئۇيغۇرلارنىڭ نەسلى ـ ۋەسلىنى.
ئەمدى بىلدىڭ خىتايلارنىڭ رەزىل قەستىنى،

پۇشمىنىڭ چوڭ دەردىڭ بۈيۈك، يىغلا تەڭرىتاغ!
بولامدۇ باتۇر تىمساققا قول؟ يۈرەكلەردە داغ!

پۇشايمان قىلىسەن ئاچمىدىم دەپ ئەسكىرى مەكتەپ،
تەربىيلىمىدىم گاڭ مەيدىلىك گېنېراللار ھە دەپ.

كەسسە ئۇلار دۇشمەن بېشىنى چامغۇر كەسكەندەك.
يارىسا ئۇلار ياۋ قارنىنى دۇردۇن بۆسكەندەك،

بولسا پۈتۈن ئۇيغۇر بالىسى قەھرىمان ئەسكەر.
قورقۇش نېمە ھېچ بىلمىگەن باھادىر قەيسەر.

ۋەتىنىمگە كۆز تىككەنىنىڭ كۆزىنى چىقارتسا،

ئېقىپ كەلگەن خىتايلارنىڭ جېنىنى چىقارتسا.

تاتىسىز، تۇزسىز مەست ئالجىغان ناخشىسى ئەمەس،
ياڭراپ تۇرسا شوخ جەڭگىۋار مارشلار پەۋەس.

«تومۇرىمىزدا قەھرىمان ئۇيغۇر قېنى بار،
قول بولۇش نومۇس غەلىبە بىزگە يار.»

تۇپراق ئۈچۈن تۇپراقلاردا شېھىد بولسا باللار،
شېھىد ئانىسى بوپ كۆكسىنى كىرىپ يۈرسە ئانىلار.

كۆز قارچۇغى بىلىسە بارچە ئۆز تۇپراقىنى،
پىدا قىلسا ۋەتىنى ئۈچۈن مال، جانى، قانىنى،

«ياخشى ئاتىنىڭ تېرىسى قېيىش بولۇر، كۆن بولماس،
ياخشى ئاتىنىڭ بالىسى غېرىب بولۇر، قول بولماس»

ئەلمىساقتىن ئۇيغۇر بالىسى قول بولغان ئەمەس،
تارىخقا باق، قەھرىمانلىق شەرەپشان پەۋەس.

ئەمما بۇرھان، سەيپەك چىقتى يېقىن بىر ئارا،
ئەقلى ئۈستىگە نەپسى مىنگەن ئۇ كۆڭلى قارا.

ئىت جېنىنىڭ نەپسى ئۈچۈن ۋەتەننى ساتتى،
ئىت ئەمگەنلەر ئۆز قىزىنى نومۇسنى ساتتى.

ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشكەنلەر ئۇيغاندى بۈگۈن،
ئەللىك يىلدىن دانغا ئىشلەپ نېنى يوق پۈتۈن.

ئۇ سەيپەكلەر ئۆلۈۋاتىدۇ كۆندە مىڭ قېتىم،
باتۇر ئۆلۈر بىرلا قېتىم، قورققان مىڭ قېتىم.

باتۇرلارنىڭ ئىزىدىن يۈردى ئۇيغۇر باللىرى،
تومۇرىدا دولقۇنلايدۇ ھۆرلۈك قانلىرى.

كەچ بولسىمۇ ئويغىنالىدى ئۇيغۇر گۈزىلى،
باقتىكى يەم ئەجدىھانىڭ بوغۇزىدا ئېلى.

ئۇيغۇر تاپتى تارىختىكى ھوشيارلىقىنى،
ئۇيغۇر تاپتى يوقىتىپ قويغان گۈلزارلىقىنى.

ئۇيغۇر كۆردى ئۆزگە يۇقتان ئىللەت كېسەلنى،
چۆرۈۋەتتى ئالدار كۆرسا نەي نېيى مەسەلنى.

خىتاينىڭكى زىتخور ھىلىگەر، بۇزۇقچىلىقىنى،
ئورۇسنىڭكى ھاراق تۆكلىقى قۇزۇقچىلىقىنى.

ئۆزىمىزدىكى قويغا ئوخشاش ياۋاشلىق خىسلەت،
«ئىگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەس» دەپ بىلىنۋالغان غەپلەت.

مىللەتچىدىن قاچقانلىقىمىز ساتقىنغا ئېگىلىپ،
پىكىر قىلماي ئىشلىگەنلىكىمىز ئوغاقتەك پۈكۈلۈپ.

بىزمۇ ئىنسان ئىنسانغا خاس ھەقلىرىم نەدە؟
قاچانغىچە ئالداۋىرىدۇ «دۆڭفاڭخۇڭ» پەدە؟

ئەللىك يىلدىن ئېغىزدا ئېمىزگە بوۋاق بولمىساق،
قازانغا سېلىپ قورۇۋېرىدۇ قورداق بولمىساق.

بىز ئىنسانمىز بىزگە كېرەك مۇستەقىل ھۆرلۈك،
گۈلىستاننى خىتاي قىلدى بىر ئاندا گۆرلۈك.

ئۇيغۇرىستان ئۇيغۇرنىڭدۇر خىتاينىڭ ھەققى يوق،
سەددىچىننىڭ بىرىسىدە ئانىسىنىڭ ھەققى يوق.

سەددىچىننىڭ ئىچىگە قاچسۇن خىتاي توڭگۈزدەك،
سانسىز ئۇيغۇر قايتىپ كېلىدۇ يۇرتقا يۇلتۇزدەك.

## بىزنىڭ

يەر بىزنىڭ، تۈركىستان بىزنىڭ،
تاغلار بىزنىڭ، ئۇ تۇپراق بىزنىڭ.
ئەۋلادلاردىن ئۆز مىراسىمىز،
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق بىزنىڭ.

ۋەتەن بىزنىڭ ھەقىقەت بىزنىڭ،
دەريا ۋىجدان پەزىلەت بىزنىڭ.
خىتايلارنى يوق ئەتكەن باتۇر،
قەھرىمان ئوغۇل - قىز ئەزىمەت بىزنىڭ.

يەر بىزنىڭ، تۈركىستان بىزنىڭ،
تاغلار بىزنىڭ، ئۇ تۇپراق بىزنىڭ.
ئۇيغۇرىستان مۇجاھىتلىرى،
ئېرىشسۇن مۇرادىغا ياشىسۇن يۈز مىڭ.

## ماڭا سېنىڭ بوگۈنۈڭ لازىم

«تۈنۈگۈن، تۈنۈگۈنتى، بوگۈن، بوگۈندۇ»
ماڭا سېنىڭ بوگۈنۈڭ لازىم.
يۈرتىمىزدىن ياۋنى قوغلىغان،
گۈزەل ئەتە ئۆگۈنۈڭ لازىم.

ئۆلكىمىزنى قۇتقۇزماق ئۈچۈن،
باسقان قەدەم ھەرىكىتىڭ لازىم.
بۆركۈت بولۇپ تۆلكە كۆزىگە،
پاتۇرغان تىرناق ھەرىكىتىڭ لازىم.

ياۋا توڭگۈزنى قوغلىغان ئوۋچى،
ماھارىتىڭ، سەنئىتىڭ لازىم.
يېرى كەلگەندە ناتىق تارىخچى،
شائىرانە سەپسەتەڭ لازىم.

## يالغۇز قۇلسەن ئۇيغۇرۇم

سەندىن باشقا يەر يۈزىدە ھېچ قۇل قالمىدى،
باشقا قوللار ئازات بولۇپ يولىنى تاپتى.
ئاھ ئۇيغۇرۇم ئىستىمەسمىدىڭ ھۆرلۈككە چىقماق،
ھۆرلۈك دېسەڭ جاللات خىتاي بېشىڭنى چاپتى.
ئاتىلاردىن مىراس قالغان يېرىڭنى ئالدى،
تۈپرىقىڭنىڭ ئاستى ـ ئۈستى بايلىقىڭنى چالدى،
كۆز ياشلىرىڭ، قانىڭ، تېرىڭ نەھەرىدە ئۈزۈپ،
سېنى ئەرۋاھ نامرات، پېقىر كۈنلەرگە سالدى.

دۇشمەن سانى قۇم كەبى، سىنىڭ سانىڭ تاش،
سەن يەنىلا مۇشكىلاتقا بىرەلدىڭ بەرداش.
ئايىنىڭ ئۇن بەشى قاراڭغۇ، ئۇن بەشى ئايدىڭ،
دۇنيا خەلقى بولدى بىردىن ئۇيغۇرغا قولداش.

بىز بىرلىشىپ قۇللۇق قەپىزىنى چىقىپ تاشلايلى،
چاڭچىلە كەشنىڭ سىر پەردىسىنى ئېچىپ تاشلايلى.
ئەللىك يىلدىن بىزنى ئەزگەن سەنمىدىڭ زالىم؟
ياقىسىدىن تۇتۇپ ئۇ، چايانىنى يەنچىپ تاشلايلى.

## ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر

ئۆزۈم ھەر جايدىمەن، كۆڭلۈم سەندىدۇر،
ئۇيغۇرىستان، ئەزىز ئۆلكەم ئۇمىدىڭ مەندىدۇر.
ساڭا باسقان شۇم ئاياقنى تامامەن قوغلايمەن،
ھۆر مۇستەقىل ئۆلكەم قۇرۇپ ناخشا توۋلايمەن.

مەن ئىنسانمەن ئىنسان كەبى ياشىمام لازىم،
بايرىقىمنى ئەۋلادىمغا تاشلىشىم لازىم.
خىتايلارنىڭ تۇپراقىمدا ھەققى يوق ئەسلا،
زالىم خىتاي ئۆلكەڭگە كەت كەشىڭنى توغرىلا.

نەدىن كەلدىڭ، كەلگەن يىرىڭگە كېتىۋال خىتاي،
ئىككى ئاياقلىق مەخلۇقاتسەن ئۆلۈۋال خىتاي.
ئەللىك يىلدۇر سۇ ئورنىغا قېنىمىزنى ئېچتىڭ،
جەننەت يۇرتقا يەتتە دوزاخ ئوتىنى ياقتىڭ.

ئەللىك يىلدۇر ئىلىكىمىزنى سۇمۇردۇڭ يېدىڭ،
نومۇس قىلماي ئۇيغۇرىستان مېنىڭكى دېدىڭ.
دۇنيا خەلقى يالغىنىڭغا گول بولمايدىكەن،
شېھىد بولسا بولۇر ئۇيغۇر قۇل بولمايدىكەن.

## جېنىم يۇرتۇم

تۈركىستان جېنىم يۇرتۇم،
سېغىنىمەن سېنى ھەرئان.
قۇلاقىمدا پەريادىڭ،
ئىلى، تارىم، زەرەپشان.

خانتەڭرى، تارىم، ئالتاي،
ئەزىمەت تاغلار يۈرىكىم.
سېنى ئازات قىلالمىسام،
مېنىڭ نېمە كېرىكىم؟!

ئۈمىدىمنى ئۈزمەيمەن،
قارلەيلىسىنى ئۈزىمەن.
تەكلىماكان چۆلىنىڭ،
توپىسىنى كۆزگە سۈرىمەن.

«بېغىڭغا كىرگەن بىلەن،
بىر گۈلۈڭنى ئۈزمىدىم.
سەن ئۈمىدنى ئۈزگەن بىلەن،
مەن ئۈمىدنى ئۈزمىدىم».

## كەسلەنچۈك

قىزى خىتايغا بارغاندا،
قىزىل رەڭلىك كەسلەنچۈك.
يېشىل چىمەن ئارىسىدا،
يېشىل رەڭلىك كەسلەنچۈك.

بىزنى بىلمەس دېمىگىن،
خەلق كۆرمىدى دېمىگىن.
يېدىڭ يېتەرلىك مەينەتلىك،
ئەمدى بولسىمۇ يېمىگىن.

كەچ كۈزدە ئالتۇن رەڭ،
سېرىق رەڭلىك كەسلەنچۈك.
ئارپا، تېرىق ئىچىدە،
تېرىق رەڭلىك كەسلەنچۈك.

ھېچمۇ ھېچ يوق مەۋقىيىڭ،
مەيدانىڭ يا مىللىتىڭ.
باشقىلارغا يوقمىسۇن،
شۇ كېستەللىك ئىللىتىڭ.

## تۈركىستان دېگەن قايسى[1]

تۈركىستان دېگەن قايسى،
ئىككى تاغنىڭ ئارىسى.
تۈركىستانىم دەپ يىغلاپ،

---

[1] ناخشا بولسۇن دەپ خەلق ناخشىلىرى بىلەن خېمىر يۇغۇردۇم.

ئاقتى كۆزنىڭ قارىسى.

ھەققى يوقتۇر خىتايىنىڭ،
تەڭرىتاغدا، گۈل باغدا.
تۈركىستاندا كۆرۈشىمىز،
كاككۇك سايرىغان چاغدا.

## ئىتتىك بول دوستۇم!

پۇرسەت قولدىن كەتمىسۇن،
زامان بوشقا ئۆتمىسۇن.
ئىتتىك بول دوستۇم،
تۆمۈرلەر سوقۇلسۇن قىزىقىدا.

سەددىچىندىن چىقىپ،
ئۆلكىمىزگە ئۈنگەن.
شۇم بويا، سىبىىق تىكەنلەرنى،
يىلتىزىدىن قۇمۇرايلى.

بىيجىڭدىن كەلگەن، ئۇ مەينەتچىلىك -
ئەخلەتلەرنى سۈپۈرەيلى.
مىكروب ھاشارەتلىرىگە دورا چاچايلى،
ھەممىسى يوقالغانغا قەدەر...

ئۆز تۇپرىقىمىزدا ئۆز گۈللىرىمىز ئېچىلسۇن،
ئىپار كىيىكلىرى ئويناقلاپ
ئىپار - ئەتىرلىرىنى چاچسۇن...
ئۆلكىمىزدە گۈلزاردا مېھمان قىلايلى.

خىتايدىن باشقا
پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنى.

## ئۆزۈر تىلەيمەن

ھۆرمەتلىك يول باشچىم،
قەھرىمان ئاتا
جاھانگىر غوجام!
ئەپۇ قىلارسىزمۇ مېنى،
سىزدىن ئۆزۈر تىلەيمەن.
سىزنى خىتايلار تۆمۈر قەپەسكە سولاپ،
ئېلىپ ماڭغاندا بېيجىڭگە،
خەلقىمنى قوزغىتىپ،
تاش پىچاقلار، تىرناقلار بىلەن،
دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ،
سىزنى قۇتقۇزۇپ قالالمىغىنىم
ئۈچۈن ئۆزۈر تىلەيمەن
سىز لىدەرلىك، رەھبەرلىك ۋەزىپىڭىزنى
تاغ سۈپەت غۇرۇر بىلەن ئۆتىدىڭىز...
مەن پەرزەنتلىك، ئەۋلادلىق
ۋەتەنداشلىق بۇرجۇمنى ئۆتىيەلمىدىم.
ئەسىرلەر يىللار كارۋانلىرىنى
ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن
كەچ ئەقلىلەندىم
پۇشمانلىقتىن ئۆز يۈزۈمنى
ئۆزۈم كاچاتلىدىم.
كەچ قالغان ئۆزۈرۈمنى كۆز ياشلىرىم بىلەن
سۇنىمەن سىزگە!

ئەپۇ قىلىك مەن بىخۇتنى!
ئەپۇ سورايمەن
ھۆرمەتلىك يولباشچى
رەھبەر ئاتا
ئەسىرلەر كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى
كۆرەلىگەن ئالىم!
ئەلىخان تۆرەم!
ماۋۇ ئاي يۇلتۇزلۇق توغىمىز قوللاردا،
سىز باشلىغان يولغا مېڭىپ،
ۋەتەننىڭ قاغىجىرىغان باغچىسىغا
بەخت ـ سائادەت سۈيى ئەكەلمەكچىتۇق.
ۋە مۇستەقىللىق ھۆرلۈك نۇرى.

ئورۇس تۇيۇقسىز تۇتۇپ كونسۇلخانىسىدا،
ئۈچ كۈن ساقلىدى سىزنى.
«بۇ قوي گۆشى يېگەن ياۋاشلار، بۇ ئادەم ئۈچۈن
ئىنسان چىقىرامدۇ قانداق؟... ئەھۋالغا كۆرە...»
مەن خەلقىمنى قوزغىتىپ:
ـ ھەي ئورۇس، بىزنىڭ رەھبىرىمىزدە
سېنىڭ نېمە ھەققىڭ بار؟!
دېيەلمىدىم.
كونسۇلخانىنىڭ تاش ـ كېسەكلىرىنى قومۇرۇپ
ئورۇسنىڭ كاللىسىغا ئاتالمىدىم...

كەچۈرەرسىزمۇ ئەزىز تۆرەم.
يېرىم ئەسىر، يېگىنىم زەھەر،
كەيگىنىم كېپەن بولغاندىن كېيىن
دەردلىرىم باشىمدىكى چېچىمدىن تولا

بولغاندىن كېيىن، بەك كەچ بولسىمۇ
ئەقىللەندىم،
كەچۈرۈڭ تۆرەم!
«دەردىم كۆپتۇر، دەردىم كۆپتۇر
باشىمدىكى ساچىمدەك
دەرد تارتماي ئۆلۈپ كەتسەم
ئاسماندىكى لاچىندەك».

## بىر يېتىم ئوغلاق

ئۆز توپىدىن ئايرىم قاپتۇ، بىر يېتىم ئوغلاق،
مەرەپ يىغىنى ساپتۇ بىر يېتىم ئوغلاق.
قاراڭغۇ جاڭگالدا دىر ـ دىر تىترەيدۇ،
يولىدىن ئېزىپ قاپتۇ بۇ يېتىم ئوغلاق.

بۇ ئوغلاق توپىنى تاپالارمۇ قانداق؟
ھەر ياندىن چىلبۆرە تىكەن ۋە يانتاق.
يېتىم ئوغلاق كۈنگە قويما خۇدايىم،
يېتىمگە ناكەسلەر قويىدۇ قىلتاق.

«ئۆملەشكەن ئىتلارنىڭ قۇيرىقى ئۆرە»
بىز نېمىشقا ئۆم جەم بولالمايمىز؟
ئۆملۈكتىن كۈچ تۇغۇلار، كۈچىمىزنى توپلاپ،
تارىخى يېرىمىزنى تېپىپ ئالالمايمىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

## بىرمۇ ئۇيغۇر

«ئۆزۈم قويدۇم شاتۇتقا
بىز مۇساپىر بۇ يۇرتقا
مۇساپىر دەپ خار كۆرمەڭ،
بىزمۇ كېتەرمىز ئۆز يۇرتقا»

بىرمۇ ئۇيغۇر مۇساپىر يۇرتتا،
قالمىسۇن غېرىپ يېگانە يېتىم.
بىرمۇ ئۇيغۇر زاۋالدا بولۇشدا،
بويۇن قىسىپ قالمىسۇن يېتىم.

بىرمۇ ئۇيغۇر قولىنى ئۇزارتىپ،
مۇساپىر يۇرتتا تىلەپ يۈرمىسۇن.
دۈشمەنگە ئىشلەپ ھۆرلۈك چىرىقىنى،
ئۆچۈرۈمەن دەپ پۇۋلەپ يۈرمىسۇن.

مۇجادىلە سېپىمىزگە كەلسۇن،
باراۋەر بىرلىك گېپىمىزگە كەلسۇن.
مەقسىتىمىز ۋەتەن قۇتقۇزماق،
ئوينىسا ئۇسسۇل دېپىمىزغا كەلسۇن.

## شېھىد ئۆلمەس

ئارسلاندەك ئوغۇللىرىمىز ئايدەك قىزلىرىمىز،
خىتاينىڭ تۈرمىسىدە شېھىد بوپكەتتى.
خىتاينىڭ زۇلۇمى - زەھەرلىك پىچاق،
گۆشلەردىن ئۆتۈپ سۆڭەككە يەتتى.

قىيىندى دۈشمەن ئابدۇلخېلىلنى،
ئۈچ يىل قاراڭغۇ زىنداندا ئىچىدە.
مىقلىق ساندۇق ئىچى، يىلان، چايانلار،
دۈشمەن قەھقەھەسى زىندان ئىچىدە.
زىخ تىقىلمىغان يېرىمۇ قالمىدى،
ئەجەل ئىچى ئاغرىپ قوينىغا ئالدى...

يولۋاستەك يىگىتلىرىمىز، ئاي قىزلارىمىز،
خىتاينىڭ تۈرمىسىدە نېمىلەر كۆرمىدى.
كۆزلىرى ئويۇلدى، يارىلىرىغا تۇز...
قۇلاق، بورنىغا زەھەر قويۇلدى...
سانى بارمۇ كېسىلگەن باشنىڭ؟!
سانى بارمۇ تۆكۈلگەن ياشنىڭ؟!
ئىلى، زەرەپشان قان بولۇپ ئاقتى،
ئىرتىش، يۇرۇڭقاش قان بولۇپ ئاقتى
قۇشلار باغرىنى تاغ ـ تاشقا ياقتى.

باتۇر شېھىدلەر ئاتىڭىزغا رەھمەت.
مەسۇمە گۈدەك بالىڭىزغا رەھمەت.
ئۇچىقى ئۆچكەن خانىڭىزغا رەھمەت.
كۆزلىرى قان ـ ياش ئانىڭىزغا رەھمەت.

شېھىد روھىنى شاد ئەيلە ئاللاھ!
ساباھ شاملىدا يات ئەيلە باللا!
شېھىد روھىنى شاد ئەيلە ئاللاھ!
ئاقشام شەپىقىدە يات ئەيلە باللا!
گېرمانىيە (2000 ـ يىل)

ئۇيغۇر كىتاب تورى يىغلىكى
www.uyghurkitap.com

## تەشكەككۇر تاشكەنت

پاللاكەت چۈشتى بېشىمغا تاغ قەدەر،
سىنىدىم دوست قېرىنداش نې قەدەر؟

تەشەككۇر تاشكەنت سەن ساتمىدىڭ،
ئۇيغۇرنى باغلاپ خىتايغا ئاتمىدىڭ.

تەشەككۇر ئۇتۇك قولۇم كۆكسۇمدىدۇر،
مىننەتدار كۆز ياشلىرىم قەلبىمدىدۇر.

كېلور پۇرسەت تۆكەرىم كۆز ياشلىرىم،
كېلۇر پۇرسەت قۇچاقلاپ سۆيەرىم.

## يالغۇزىمەن بىزلەرنى ساتما

بىر يىلتىز، بىر ئۇرۇقتىن چىققان بىر چىنارنىڭ
شاخ - پۇتاقلىرى ئەمەسمىدۇق بىز.
بىر قولنىڭ ئۇزۇن قىسقا بەش بارمىقى،
بارماقلىرى ئەمەسمىدۇق بىز.
بىر ئاتا
ئالپ ئەرتۇڭانىڭ باللىرى،
ئەمەسمىدۇق بىز
«ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ،
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ.
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ
ياقا يىرتىپ يىغلاشۇر»

تىلىمىز بىر،
دىلىمىز بىر.
سەن ھۆرسەن قېرىنداش،
بىز جەھەننەمدە ئەسىر،
ئۇ جەھەننەمدە ئەسىر،
ئۇ جەھەننەمدىن قېچىپ چىققان،
پەريادلىرىمىزنى دۇنياغا ئاڭلىتىشقا تىرىشقان،
ئۇيغۇر بالىسىنى
تۇتۇپ بەرمە خىتايغا!
قېرىندىشىڭنىڭ ئىسسىق قېنىنى
خىتاينىڭ مەينەت پۇلىغا تېگىشمەك،
ساتماق
ساڭا، ئىنسانلىقىڭغا، ۋىجدانىڭغا يارىشامدۇ.
ئاللاھ راۋا كۆرەمدۇ؟
بۇگۈن ماڭا، ئەتە ساڭا بوپ قېلىشتىن
خۇدا ساقلىسۇن!

## ئېسىللار تارازىسى

ئەسلى ئىنسانلار،
تارازىنىڭ بىر بېشىغا
ئىنسان ھاكلىرىنى قويدى.
تارازىنىڭ ئىككىنچى بېشىغا
كويزا سانچىلغان
خىتاينىڭ ئىسسىق ئېشىنى قويدى،
ئىشەنمەي قېلىشىڭىز مۇمكىن، —
ئىسسىق ئاش كويزا بىلەن ئېغىر باستى.

www.uyghurkitap.com

بىزگە تارازىغا بېقىپ
ئاغزىمىزنى ئېچىپ قالماق،
ئەقلىمىزنى يوقاتماق چۈشتى.

ئۇ كىشى، تۈركىيە ئەمەس،
ئۇلتۇرسىمۇ باش مېنىستىرلىك تەختىدە.
ھەتتا ۋەكىل بولالماس...
شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىككى دۈشمىنى باردى:
بىرى ستالىن، بىرى ماۋزېدۇڭ.
بۇلار جېنىدا كاكىرىيالىغان:
«شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرى جىنىنىڭ» دەپ.
مەسئوت كاكىرىيالىدى جۆيلۈپ.
خىتاينىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.
ئاۋۇچىدىكى گازىر ـ پۇرچاق چېچىلىپ كەتتى.
ھەر كۈنى ساباھتىن ئاخشامغا قەدەر
مەسئۇتنىڭ ئۈستۈن چىشىنىڭ ئۈستىگە
ئاستىن چىشلىرىنى چىشلىۋالغان تەلەتى...
سۆزلىرى...
ساتقىنلارغا قارنىمىز توق ئىدى.
بۇنى ئاز دەپ سەن نەدىن چىقتىڭ؟
داداڭدىن قالغان شەخسى زېمىنىڭنى، ـــ
بەرگىنە خىتايلارغا ـ خەنزۇغا.
خالىساڭ قۇدا بول،
نەسلىڭنى قوش،
ياقا تىرىپ يەيدىغان خىتايلارغا
ئۆزۈڭ كېتىپ ئېرىپ كەت
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا
يۈندىگە چۈشكەن بىر چاقماق قەندەك،

ئۇ سىنىڭ ۋىجدانىڭ شەخسى تەبىئىتىگە قالمىش.

ئەمما سەن
كىم بولىسەنكى
بىزنىڭ تۇپراقنى خىتايغا بەرگىلى قوپتۇڭ،
قايسى قاپاق پادىشاھ تەختىدە ئولتۇرۇپ،
ئىككىنچى بىر ئۆلكىنىڭ زېمىنىنى
ئۈچىنچى بىر ئۆلكىگە ساتالاپتۇ.
قايسى ئالجىغان؟!
ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىمىز يوق گەرچە
«يىقىلغاننىڭ دوستى يوق» دەرلەر
قېرىندىشى ھەم يوقمىش
ئەقەللىيسى
راست گەپ قىلىدىغان گۇۋاھچىسى ھەم يوق،
ئاللاھ شاھىدىمىزدۇر
ئۇ تۇپراق بىزنىڭ،
بەندىلەرنىڭ شاھىتلىقىغا ئېھتىياجىمىز يوق.
تەگرىتاغلىرى
ئاق باش ئانام
سەن يىغلىما.
بۇ كۈنلەر كېتەر.
بەزى قېرىنداشلارنىڭ غەيرىي قىلىقلىرىغا
ئاتىلىرىمىزنىڭ سۆڭىگى سىزلاۋاتىدۇ.
ئەمما ئۇ سۆزنى قىلغان
قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تەمسىلچىسى ئەمەس!!!
مەسئۇت يىلماز تۈركىيە ئەمەس.
تۈركىيە تۈركىيەدۇر.
دۇنيا دۇنيا بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

ھېچبىر ئىنسان ئوغۇللىرىنىڭ قىلالمىغان ئىشىنى
تۈركىيە قىلالىدى.
ئۈچ قىتئەدە ئىمپېراتورلۇق قۇرالىدى.
مىڭلاپ - مىڭلاپ ئوغلانلىرىنى شېھىد بەردى.
باكۇدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن.
ئون مىڭلارچە ئانا يۈرىكىگە تاش باستى
جانىدىن ئەزىز ئوغۇللىرىنى
قېرىنداشلىرى ئۈچۈن شېھىد بېرىپ،

تاشكەنت تاغلىرىنى قىزىل ياقۇتقا
چەۋرىدى ئەنۋەر پاشالارنىڭ
ئېسىل قانلىرى
يەتتە ياشتىن يەتمىشكىچە
تۈركىيەدىكى ھەر ئىنسان
قېرىنداشلىرى ئۈچۈن
دۈشمەنگە ئېتىلىشقا
تەييار تۇرغان يولۋاس!
بۇ يولۋاسلارنى نە ئۆلۈم
ھېچبىر نەرسە قورقۇتالماس!

## ئىتتىپاق

مىڭ يىل بۇرۇن بىز ئۆگەتتۇق،
«قۇتادغۇبىلىگ» لىرىمىز ئىلە
دۇنياغا
دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش كېرەكلىكىنى —
بىز ئۆگەتتۇق.
ئىسكەندەر زۇلقەنەين ھەم ھەيران قالدى.

ئەسكەرلىرىمىزنىڭ
ئات ئۈستىدە
يانغا، ئارقىغا —
ھەر تەرەپكە ئوق ئېتىشىغا!
بۇلار،
ئىدارىجى، باتۇر، چالىشقان،
ئىنسانلار ئىكەن دەپ
قول قويغانتى ئۇيغۇرلارغا.

خىتاي دېدىكى:
«ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئۆز كۆزىنى ئويدۇرىمىز»
پىتنە تېرىدى خىتاي:
پەقەت ئىتتىپاق —
بولالىساقلا،
قۇتۇلىمىز بوينىمىزغا مىنگەن
رودۇپاي خىتايدىن.

## گېرمانىيەدە گاچا قىز

ئاجايىپ ئۆلكە
ئاجايىپ ئىنسانلار
پۈتۈن ئۆلكە خۇددى بىر مەكتەپ.
پويىزدا، باغچىدا
كىچىك - چوڭ
ئوقۇشۇر كىتاب،
تېز كومپيۇتېرلىرى،
ئوقۇشنى، ئىشلەشنى
بەك سۆيگەن،

ئېسىل ئىنسانلار ئەدەپلىك،
قايسى باي، قايسى گاداي
ئايرىيالمايسەن،
ھەممىسى پاكىز ۋە ئاددىي كىيىنىدۇ.
ئىش كىيىملىرى
ئىشسىزلارغا پۇل بېرىلىدۇ.
ئەمما ئۇلار،
ئىشلىمەستىن دۆلەت پۇلىنى يېيىشنى
نومۇس بىلىدۇ.
خۇددى پۈتۈن ئۆلكە بىر ئائىلە
بىر - بىرىگە ياردەملىشىشنى
بەك ياخشى كۆرىدۇ.
ئىنسانلار بىر - بىرىنىڭ مەنپەئەتىگە
ھۆرمەت قىلار،
ۋە ئۆز نەپسىگە چوغ تارتماسلار.
ئېشىپ قالغان نانلىرىنى ئەخلەتكە ئاتماس
قورۇتۇپ ئاتلارغا بېرىدۇ.
بىر بىنادا بىر دانە كىر ئالغۇ.
ئىشلىتىدۇ.
ھەر مېيىپنىڭ ئەھۋالىغا كۆرە،
ماشىنىلار ئىجات قىپتۇ،
مەجرۇھلارنى —
پادىشاھىدەك، كۆز قارچۇغىدەك
باقىدۇ.
ئەڭ يۇكسەك مائاش مەجرۇھلارنىڭدۇر
ھېچكىم - ھېچكىمنى ئەزمەيدۇ.
ھەر كىم ئىشىنى سۆيۈپ
مۇكەممەل قىلىدۇ.

ھېچكىمدىن ھەقسىزلىككە
ئۇچرارمەنمۇ دېگەن غەم يوق.

ئون توققۇز ياشلىق گۈزەل گاچا قىز،
ئۇيغۇر قىزى،
نېمىسنىڭ شاھزادە ئوغلىغا.
ئاشىق بوپ قالدى.
ئاشىقنىڭ سېھىرلىك ھېكمىتىدىن،
قىز بىرىنچى قېتىم
سۆزلىيەلىدى:
- سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم
- يوقال كۆزۈمدىن ئەجنەبىي! جەھەننەمگە كەت!
يىقىلدى قىز،
ئىزا تارتقان جان،
گۈزەل بەدەننى تەركەتتى.
ئەمما كۆزلىرى ئۇچۇقتى.
سەكرات ۋاقتىدا دېدىكى:
سۆيدۇم گېرمانىيە!
كاشكى ئۆز ۋاقتىدا
بىزمۇ ياتلاردىن نەپرەت
ئېتەلىگەن بولساق....

پەسكەش خىتاينىڭ ـــ
يېپەككە يۆگەپ ئۆز قولى بىلەن
ھەدىيە قىلغان قىزلىرىغا
ۋاقتىدا،
غۇرۇر پەشۋاسىنى ئاتقان بولساق...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## كۆلۈپتىمەن

مەن سېنى سەندىنمۇ چوڭ بىلىپتىمەن،
سەن مېنى مەندىنمۇ كىچىك چۈشۈردۈڭ.
ئالما قەدەر يۈرىكىمدە ئالەمچە سۆيگۈ يالقۇنى بار ئىدى
ساڭا.
ئۇنى كۆز يېشىم يامغۇرىدا ئۆچۈردۈڭ.

سەن مېنى مەندىنمۇ كىچىك چۈشۈردۈڭ،
مەن سېنى سەندىنمۇ بۈيۈك بىلىپتىمەن.
ئىشەنگەن تاغلاردا ياتمىدى كىيىك،
يىغلايدىغان ھالىم بار ئىكەن، بىلمەي كۆلۈپتىمەن.

## مېنىمۇ ئۇ قەپەسكە سولا

مۈشۈك ئېيىق ۋاكا كازانى،
«نەسلى تۆكەنمەكتە بولغان ھايۋان» دەپ
باغچىلاردا
قەپەزلەردە باقاركەن
ئەتىۋارلاپ
تەرەققىي قىلغان ئۆلكىلەردە،

زالىم خىتاي
ئانا قارنىدىكى تۆرەلمىسىدىن تۇتۇپ -
توقسان يېشىدىكى ئۇيغۇرنىمۇ
ئۆلتۈرمەكتە
ۋەھشىيچە، خونخارچە،
ئۇيغۇر نەسلى تۈگىمەكتە.

تاسادىپەن
ھاياتتا قالغان ئۇيغۇرمەن.

باغچىڭىزدا
«نەسلى تۈگىمەكتە بولغان، ئۇ ھايۋانلار قاتارىدىن
يەر ئايرىك ماڭا،
مېنىمۇ سولاپ قويۇڭ ئۇ قەپەسنىڭ بىرىگە،
ئىنسانلار كۆرسۇن،
نەسلى قۇرۇماقتا بولغان
ئىنساننى، ئۇيغۇرنى.

## دېڭىزدىكى بىر خادا تاشمەن

ۋەتىنىمنى خەلقىمنى،
دۈشمەنىنىڭ دەپسەندە قىلىشىدىن قوتقۇزىمەن
دېگىنىم ئۈچۈن
دۈشمەن خىتايلار بىلەن خائىنلار،
بىر كېچىدە ئۆلتۈرۈپ مېنى
تاغارغا سولاپ دەرياغا ئاتتى.

دەريا ئېقىتىپ ئوكيانۇسقا ئاتتى.
ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن
دېڭىزدا بىر ئەزىمەت تاققا ئايلاندىم.
دېڭىز ئوتتۇرىسىدا بىر خادا تاش بولۇپ -
كۆرۈنۈۋاتىمەن.

قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيچە چاچىدۇ ماڭا
دېڭىز شاماللىرى سۆيۈپ تۇرىدۇ.

ئالتۇن بېلىقلار ئۇسسۇل ئوينايدۇ ناخشىلىرىمغا

ياشىدىم ۋەتىنىمنى قوتقۇزماق ئۈچۈن،
ئۆلدۈم ۋەتىنىمنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن.
كۆكسۈمنى كىرىپ ناخشا تۈۋلايمەن،
بۈندىن ئەلا شەرەپ بارمۇ ئىنسان ئۈچۈن.

يۇنۇسلار قاھ - قاھ ئاتىدۇ،
چاۋاك چالىدۇ.
بەزەن مېڭىسى كىچىك دېڭىز قۇشلىرى،
باشلىرىمنى مەينەت قىلىدۇ...
زۇمرەت دولقۇنلار يۇيىدۇ ئۇنى،
شاماللار يىپەك كەبى قولىدا سۈرتىدۇ.

ئۈمىد بىلەن تىك تۇرىمەن ئىگىلمەي سونماي،
بىر كۈنى مېنىڭ بىلەن ئەينى پىكىرلىك.
ئۇ ھۆرلۈك ئىزدىگەن ۋەتەنداشلىرىم،
مۇستەقىللىقنى قولغا ئالغاندا،
زەپەرنى قۇتلاپ سازلار چالغاندا،
مېنىڭ يېنىمغا كېلىدۇ ئۇلار،
بايرىقىمىزنى تىكىدۇ ئۇلار.
بىرلىكتە ئېيتىمىز
ھۆرلۈك مارشلىرى...

## مەن مەجبۇرمۇ
(دۇنيا بىلەن سۆھبەت)

- ھەي دۇنيا
مەن سېنى
تىلىدىن زەھەر چاشقان، يىلان، چايانلار بىلەن
ئورتاقلىششقا مەجبۇرمۇ؟
- ھەئە، شۇنداق، چىدامىلىق، سەبىرلىك بولۇپ...

- ھەي دۇنيا
مەن سېنى،
مېنى چىش - تىرناقلىرى بىلەن مېنى پارچىلاشقا
تەييار تۇرغان
ئېيىقلار بىلەن ئورتاقلىششقا مەجبۇرمۇ؟
- ھەئە، ھوشيار بولۇپ...

- ھەي دۇنيا
مەن سېنى،
ئالدىمدا ماڭا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، ئارقامدىن مېنى
خەنجەرلەشكە ئۇرۇنغان
تۈلكىلەر بىلەن ئورتاقلىششقا مەجبۇرمۇ؟
- ھەئە، دىققەت قىلىپ...

- ھەي دۇنيا
مەن سېنى،
يولۇمغا چىققان ھەقسىزلىك، ئادالەتسىزلىكنىڭ
چاققان ئوتلىرى بىلەن
ئورتاقلىششقا مەجبۇرمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرىسى

- ياق!!!

- ھەي دۇنيا
مەن سېنى،
ۋەتىنىمنى، خەلقىمنى ئاياق ئاستى قىلغان، دۈشمەن
خىتاي بىلەن
ئورتاقلىشىشقا مەجبۇرمۇ؟
- بۇ سوئالنى سوراشقا نومۇس قىلمامسەن؟
ۋىجدانسىز؟!
ئۆلتۈرغان بولساڭ قوپ!
قوپقان بولساڭ يۈگۈر!
قۇتقۇز ۋەتىنىڭنى خەلقىڭنى!!!

## ساقايتىۋالايلى

ھوشىنى يوقاتقان قېرىنداشلار بار،
پەرق ئېتەلمەيدۇ دوستنى، دۈشمەننى.
نومۇس قىلماي خىتايىنى ماختار،
ئەلمىساقتىن بىزگە ئۆچمەننى.

ۋەتەن قايسى؟ چېگرىمىز نەدە؟
پۈتۈن بىلگىنى بۇرنىنىڭ ئاستى.
خىتاي بەرگەن پۇلغا ئالدىنىدۇ،
مىللەتچىنى ئۆلتۈرمەك قەستى.

ئۇ مىللەتچى سېنىڭ ئىنسانچە،
ياشىشىڭ ئۈچۈن تىكمىش جېنىنى.
ئىنسانى ھەق، ھوقۇقۇڭ ئۈچۈن،

ئۇ تۆكمەكتە ئىسسىق قېنىنى.

ھوشىنى يوقاتقان قېرىنداشلارغا،
شىپا تارقىتىپ ساقايتىۋالايلى.
بىلىم ئۇيۇقى ئىچىلسۇن ئۇلارنىڭ،
قارايغان دىلىنى ئاقارتىۋالايلى.

## ئانا يۇرتۇم ئاتا يۇرتۇم

ئانا يۇرتۇم ئانا يۇرتۇم بەكمۇ ئىسىل جاي ئىدىڭ،
باشقا يۇرتلار يۇلتۇز بولسا سەن يېگانە ئاي ئىدىڭ.

«ئاسماندىكى ئاي ئىدۇق، يەرگە چۈشتۇق لاي بولدۇق.
جاندىن ئەزىز باللا ئىدۇق. خىتاي ئالدىدا خار بولدۇق»

زۇمرەت دەريا ئالتۇنلارنى چايقاپ ـ چايقاپ ئاقار ئىدى،
ياۋا گۈللەر ئارىسىدىن ئىپار كىيىكلەر باقار ئىدى.

بۇلۇتلارنى بەللىرىگە كەمەر قىلغان نوچى تاغ،
تاغ ئۈستىدە قار لەيلىسى دەپ قالىسەن نوچى باغ.

ئاتىلىرىمىز ئۇ تاغلاردا يولۋاس بىلەن چېلىشقان،
قىزلار «گۈل» دەپ چېكىسىگە تۇلۇنئاينى قىسىشقان.

چىنكەش قىزنى ھەدىيە ئېتىپ پىتنە سالدى خىتايلار،
ئەجدادلارنىڭ ھالال ئىشىغا زەھەر سالدى خىتايلار.

خۇددى توپان بالاسىدەك ئېقىپ كەلدى خىتايلار،

پولۇنى يەپ چىنەلىگەننى چىقىپ كەلدى خىتايلار.

دەريادا سۇ ئورنىغا قېنىمىزنى ئاققۇزدى،
مەسجىدلەرگە تولدۇرۇپ ئۇ، توڭگۇزلارنى باققۇزدى.

ھەقىقەتنى سۆزلىگەننىڭ كىچىك تىلىنى كەستىلەر،
خىتايلارغا ئالايغاننىڭ كۆزلىرىنى تەشتىلەر.

شېھىدلەرنىڭ سۆڭەكلىرى دۆۋلەندى تاغ بولدى،
ئۇيغۇر بولۇپ تۇغۇلغاننىڭ يۈرەك باغرى داغ بولدى.

چىداش تاقەت سەبىر دېگەن چېكىگە يەتتى تۈگىدى،
ئىككى ئاياغلىق ھايۋان خىتاي، ئىنسانلىقنى بىلمىدى.

بىزنىڭ ئالتۇن، نېفىت بىلەن قارنىلىرىنى تويدۇردى،
مەدىنىمىزدىن پىچاق ياساپ كۆزلىرىمىزنى ئويدۇردى.

ئۇنى ئاز دەپ نەسلىمىزنى قۇرۇتماققا يەڭ تۇردى،
جاللات ئىت ئۇ خىتايلار بىزنى «جاللات» دەپ ئويدۇردى.

خىتاينىڭكى ھەقىقىي يۈزىنى دۇنيا خەلقى تونۇدى،
ھېسابلىرىنى ھەركىم ئەمدى باشقىلاردىن سانىدى.

## مۇز تاغلاردا يانغىن بار

مۇز تاغلاردا يانغىن بار،
ئاھىمىز ئاتەشىدىن.
ئەسلىدە مۇز قاتقان بۇ تاغ،

كۆزىمىزنىڭ ياشىدىن.

مۇز تاغلاردا سىزلايدۇ،
ئەجدادلىرىمىز سۆڭىكى.
مۇز تاغلارغا يېيىپشقان،
پەسكەشلەرنىڭ تىپىكى.

قۇتقۇزايلى مۇز تاغنى،
خىتايلاردىن دۈشمەندىن.
يىلىكلىرىمىزنى سۈمۈرگەن،
ئەجدىھادىن ئۆچمەندىن.

## تۇرنىلار

ئىستانبۇلدىن قەشقەرگە ئۇچقان تۇرنىلار،
ئانام مېنى سورىسا ئۇ ھايات دەڭلار.
بېشىدا غەم كۆزىدە نەم، قانىتى سۇنۇق،
ئۇچماقچى ئۇ، ئاشۇ سۇنۇق قاناتتا دەڭلار.

ئىستانبۇلدىن ئۈرۈمچىگە ئۇچقان تۇرنىلار،
قىزىم مېنى سورىسا «ئۆلمىدى» دەڭلار.
ئانا يۇرتتىن ئايرىلغانغا بوپتۇ يىگىرمە يىل،
تا ئۇ كۈندىن بۇ كۈنگە ھېچ كۈلمىدى دەڭلار.

## تىغ ئۇچىنى دۈشمەنگە قارات

زادى ياردار بىز دۈشمەن ئوقۇدىن،
ۋۇجۇدتا يارىلار يېتىپ ئاشىدۇ.

دەرد ـ ئەلەملەر ئاچچىق پەريادلار،
ھەر يەردە سەل بوپ تاشىدۇ.

شۇنداق تۇرۇقلۇق بىر ـ بىرىمىزگە،
نېمىشقا تىغىنىڭ ئۇچىنى قارىتىمىز.
قوچقار سوقۇشتۇرۇپ تاغ بېشىدا كۈلگەن،
نېمىشقا دۈشمەنگە پۇرسەت يارىتىمىز؟

تىغ ئۇچىنى بىزنى خورلىغان،
ياۋۇز دۈشمەنگە توغرىلايلى بىز.
ئىتتىپاقلىق قېرىنداشلىقتىن،
ئالەم ئالدىدا پەخىرلىنەيلى بىز.

## خاتىرە كۈنى

خىروشىمادا ئاتومدا ئۆلگەنلەرنى،
دۇنيانىڭ ئاق كۆڭۈل ئىنسانلىرى خاتىرىلەيدۇ.
مەجلىسلەر ئېچىپ، دۇئالار بىلەن خاتىرىلەيدۇ،
ھەر يىل!

ئۇيغۇرىستاندا خىتاينىڭ ئاتوم سىنىقىدا ئۆلگەنلەر
خىروشىمادىن 10 ھەسسە كۆپتۇر.
تۆمۈردىن پەردە!
(تۆمۈر پەردە!)
خىتاينىڭ ھىيلىسى...
سىزلەرنى جانابى ئاللاھ خاتىرىلىسۇن،
كۈلكە ئايلانغان
كۆيلىرىم!

باغلىرىم ـ بوستانلىرىم!
گۇناھسىز، ئىشچان ئاق كۆڭۈل مۆمىن
مىسكىن، مەرد ـ سېخى،
ئىنسانلىرىم! جىگەرلىرىم!
بىر زامانلار دۇنيا مەدەنىيەت ئاسمىنىدا
ئۆزىنى كۆرسەتكەن
قورغۇيلىرىم!
ئۇيغۇرلىرىم!
سىزنىڭ ئۆلۈك تىرىكىڭىز بىلەن كىمنىڭ نېمە
ئىشى؟!
ھەر كىمنىڭ پەرۋايى پەلەك،
ئۆزىڭىز بىرلىشىپ بىر ئىشلەر بۆشۈكىنى
تەۋرەتمىگىچە.
خاتىرە كۇنلەرنىمۇ بېكىتەلمەمسىز؟

## جاۋاب بەر بېيجىڭ!

ئىككى دۇنيا
مېنىڭ قىزىل تىرناقلىرىم سېنىڭ ياقاڭدا!
نېفىتلىرىمنى دەريا قىلىپ ئۆلكەڭگە ئاققۇزغىنىڭ ئاز
كەلگەنمۇ؟
مىڭلارچە ئالتۇن كانىدىن ئالتۇن چىقىرىپ
توشۇغىنىڭ ئاز كەلگەنمۇ؟
باشقا پۈتۈن قورالالار بىلەن خەلقىمنى ئۆلتۈرگىنىڭ
ئاز كەلگەنمۇ؟
ئاتوم ئاتتىڭ يا ـ ئۇيغۇر بېشىغا
تۇمانغا، ئىسقا ئايلىنىپ تارىختىن سىلىنىدى
بىر كېچىدە، قانچە قىشلاق؟ قانچە يېزا؟

www.uyghurkitap.com

بالنى قوشۇپ ئىچمەك ئۈچۈن
چاي راسلىغانتى.
ھەۋەسلىرى قورسىقىدا
كىندىكىدە قالدى.
شۆلگەيلىرى ئاققان يېرى -
ئېڭىكىدە قالدى.
ئاسمانلىرىنى بىردىن ھەرە بۇلۇنى باستى،
بېيىجىڭنى تاشلاپ ھەرىلەر كەڭسايغا قاچتى.
قاچتى ھەرىلەر ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تېغىغا
ئۇيغۇرىستان گۈل گۈلىستان جەننەت بېغىغا

قانچە خىتاي بىر - بىرىگە تەستەكلەر ئاتتى،
ھەرىلەرگە كۈچى يەتمەي باشلىرى قاتتى.

بىرى دېدىكى پىلىموت بىلەن ئېتىپ باقايلى،
بىرى دېدى ئايروپىلان بىلەن قوغلاپ باقايلى.

ھەرە توپى ئايروپىلاننىڭ دەرىزىسىنى توستى.
زالىم خىتاي ئايروپىلاننىڭ كۆلىنى ئۇستى.

- ۋەي ۋەي دېدى:
- مەن بېيجىڭ ھەرىلەر قاچتى

ھەسلىنى يېمەكچىدىم قورسىقىمۇ ئاچتى.
- ھەربىدىن باشقا ھاشارات جىق ئەۋەتەي سىزگە.

- ۋەي ۋەي - دېدى.
مەن بېيجىڭ ھەرىلەر تۇتۇلسۇن،

يەر ئاستىدىكى زىندانلارغا تېزدىن تىقىلسۇن.

- زىندانلاردا ھاشارەتلار ئاز ئەمەس تەقسىر،
پۇشۇرۇپ يەمسىز ياكى خام بېيجىڭلىك تەقسىر؟
***
ھەسەل ھەرىلىرى ئاسماندا بەك يوغان بولۇپ،
خىتاي زالىم ھەسەل يېمەك ھەۋىسىنى ئۇنۇت!
***
ھەرىلەردە ئەقىل بار ئىكەن،
ئىلىغا قاچتى.
گۈل يېپىنغان تەلكى تاغ
بېغىغا قاچتى.

## تەڭرىتاغدا تەڭرىتاغدەك دوستۇم بار

ۋەتەن قۇتقۇزۇش ئېسىل پىكرى، زىكرى،
ئۇنى شۇنداق تاغ سۈپەت قىلغان.

ئەسكى چاپان، بەزىبىر تاكتىك،
ئۇنىڭ شۇئان قولىدا قالغان.

ئۇن مىڭ كىلومېتىردە ئارىمىز ئۇزاق،
يا سالام خەت، يا تېلېفون،
ئالاقىمىز يوق.
ئەمما
ئۇنىڭ ئۈمىدى مەندە،
مېنىڭ ئىشەنچىم ئۇنىڭدا
ھۆرلۈك دېگەن مانا بۇ يەردە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەمما، كۈن كېلىدۇ،
ئىككىمىز
بىر باھادىرنىڭ ئىككى ئالىقىنى بولىمىز،
دۈشمەن بىر كومۇتا پاشا،
ئۇرۇلغان ئىككى ئالقاننىڭ ئارىسىدىكى
رەزىل قان شورىغۇچى
پاشىنىڭ ھالىغا ۋاي!
تەڭرىتاغدا، تەڭرىتاغدەك دوستۇم بار
كۆڭلى جەننەت چەكسىز باغدەك دوستۇم بار.
مېنىڭ بىلەن ھەم پىكىرلەر جان دوستۇم،
زېمىن بىلەن ئەتە قۇچىمىز شان دوستۇم.

## مەن ئۈچ ئىنسانمەن

بىر ئىنسان بولۇش نىيىتىم بار ئىدى،
ئەمما دوستلار
ئەپسۇسكى ئۈچ ئىنسانمەن،
بىرىنچى مەن:
زامانىنىڭ بەيگىگە چۈشكەن تۇلپار ئاتلىرى بىلەن
بەسلەشكەن،
بۇ دۇنيانى گۈزەللەشتۈرۈشكە تىرىشقان،
قارشى پىكىردىكى ئىنسانلار بىلەن ھەم
ئىتتىپاقلىششقا
تىرىشقان،
ھاياتنىڭ مىڭ بىر خىل رامكا ـ قەپەزلىرىگە
چىداشقا تىرىشقان ـ مەن
ئىككىنچى مەن:
ئالدىغا چىققان ھەر ئەگرىنى

تۈزىتىشكە تىرىشقان
«نېمە ئۈچۈن!»
سوئالىنى كۆپ سورىغان مەن.
بۇ مەن يەنى بۇ ئىنسان
تاغ تاشلار بىلەن كاناي بوغۇشىدۇ،
كۆككە باش ئاتار،
تارىخ دەمسەن، جۇغراپىيىمۇ
ياكى پەلسەپە ئۇلارنى ياقىدىن ئالار
گېلىنى سىقىپ ھېساب سورار،
ھەقسىزلىق، ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىكلەرنى،
ئىنسانلىقتىن چىققانلارنى قۇرت ـ قوڭغۇز بىلىپ،
ۋە ئىستىگەن يولىدا ھېچبىر توسالغۇ تونىماس.
(ئاللاھقا شۈكۈر بۇ ئىنسان مېنىڭ ئىچىمدە دۇر.
يەتتە قات پوستۇم بولغىنى ئۈچۈن ئۇ تېشىغا چىقالماس،
ئۈچىنچى مەن:
ئۇ ھەم ئىچىمنىڭ ئىچىدىدۇر،
ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن.
ئىنسانلىق ئۈچۈن،
تا ھازىرغىچە تېخى كەشىپ ـــ
ئېتىلمىگەن بۈيۈك بىر ـــ
يېڭىلىقنى كەشىپ ئەتمەك ئىستەر،
ھەرىكەتلىنۇر.
قورقىمەن:
بۇ مەن يەنى بۇ ئىنسان
مېنىڭ بىلەن باراۋەر ئۇلۇرمۇ؟ دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

ئەمما، كۆڭ كېلىدۇ،
ئىككىمىز
بىر باھادىرنىڭ ئىككى ئالىقىنى بولىمىز،
دۈشمەن بىر كومۇتا پاشا،
ئۇرۇلغان ئىككى ئالقاننىڭ ئارىسىدىكى
رەزىل قان شورىغۇچى
پاشىنىڭ ھالىغا ۋاي!
تەڭرىتاغدا، تەڭرىتاغدەك دوستۇم بار
كۆڭلى جەننەت چەكسىز باغدەك دوستۇم بار.
مېنىڭ بىلەن ھەم پىكىرلەر جان دوستۇم،
زەپەر بىلەن ئەتە قۇچىمىز شان دوستۇم.

## مەن ئۈچ ئىنسانمەن

بىر ئىنسان بولۇش نىيىتىم بار ئىدى،
ئەمما دوستلار
ئەپسۇسكى ئۈچ ئىنسانمەن،
بىرىنچى مەن:
زامانىنىڭ بەيگىگە چۈشكەن تولپار ئاتلىرى بىلەن
بەسلەشكەن،
بۇ دۇنيانى گۈزەللەشتۈرۈشكە تىرىشقان،
قارشى پىكىردىكى ئىنسانلار بىلەن ھەم
ئىتتىپاقلىشىشقا
تىرىشقان،
ھاياتىنىڭ مىڭ بىر خىل رامكا ـ قەپەزلىرىگە
چىداشقا تىرىشقان ـ مەن
ئىككىنچى مەن:
ئالدىغا چىققان ھەر ئەگرىنى

تۈزىتىشكە تىرىشقان
«نېمە ئۈچۈن!»
سوئالنى كۆپ سورىغان مەن.
بۇ مەن يەنى بۇ ئىنسان
تاغ تاشلار بىلەن كاناي بوغۇشىدۇ،
كۆككە باش ئاتار،
تارىخ دەمسەن، جۇغراپىيىمۇ
ياكى پەلسەپە ئۇلارنى ياقىدىن ئالار
گېلىنى سىقىپ ھېساب سورار،
ھەقسىزلىق، ناھەقچىلىك، ئادالەتسىزلىكلەرنى،
ئىنسانلىقتىن چىققانلارنى قۇرت ـ قوڭغۇز بىلىپ،
ۋە ئىستىگەن يولىدا ھېچبىر توسالغۇ تونىماس.
(ئاللاھقا شۈكۈر بۇ ئىنسان مېنىڭ ئىچىمدە دۇر.
يەتتە قات پوستۇم بولغىنى ئۈچۈن ئۇ تېشىغا چىقالماس،
ئۈچىنچى مەن:
ئۇ ھەم ئىچىمنىڭ ئىچىدىدۇر،
ئۇ ئىنسانىيەت دۇنياسى ئۈچۈن.
ئىنسانلىق ئۈچۈن،
تا ھازىرغىچە تېخى كەشىپ ــ
ئېتىلمىگەن بۈيۈك بىر ــ
يېڭىلىقنى كەشىپ ئەتمەك ئىستەر،
ھەرىكەتلىنىۇر.
قورقىمەن:
بۇ مەن يەنى بۇ ئىنسان
مېنىڭ بىلەن باراۋەر ئۇلۇرمۇ؟ دەپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## خەلقئارالىق ئادۋوكات

ئۈچ كۈن بۇرۇن خىتايلار،
غۇلجىدا
مەيدانغا ۋە مەيدان ئەتراپىدىكى كوچىلارغا،
ئىلىنىڭ سومباتلىق، غۇرۇرلۇق تىك
ئاق تىرەك، كۆك تىرەكلىرىگە،
مەخپىي كامىرالار يەرلەشتۈردى...

قەستەن تۈنەك كېچىسىدە
قۇرئان ئوقۇپ تۇپلىنىپ ئىبادىتىنى سۇردۇرمەك بولغان،
كىچىك بەش ياشلىق قىزلار بوۋاقتىن تۇتۇپ
90 ياشلىق مومايلارغا قەدەر ھەممىسىنى
ئۇرۇپ تېپىپ سۆرەپ كۆتۈرۈپ تۈرمىگە تاشلىدى.
ئۇ كۈن تۇتۇلغان 19 ياشلىق قىزنىڭ ئۆلۈكىنى ئەتىسى
چىقارتىپ بەردى ئائىلىسىگە.
نومۇسى خىتايلار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنغان
ئىلى خەلقى
سادىر پالۋان كەبى باتۇر قەھرىمان.
ھېچبىر زامان ھېچبىرى دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ كۆرمىگەن
ئىلى خەلقى قەھرىمانلار نەسلى، قورقماس باھادىرلار ئەسلى.
نوزۇگوملار كەبى قەھرىمان قىزلارنى يېتىشتۈرگەن
غۇرۇرلۇق شەھەر
غۇرۇرلۇق، شان ـ شەرەپلىك خەلق
كوچىلارغا تۆكۈلدى.
قىزلىرىنى، ئائىلىرىنى، قېرىنداشلىرىنى قۇتقۇزماق
ئۈچۈن
نېمىلەر بولۇۋاتقىنى بىلمەك ئۈچۈن

قولىدا تۆمۈرنىڭ پارچىسى يوق ئىنسانلار،
كالاشنىكوف، گاز بومبىلىرى، لازېر...
زامانىۋى قورالالار بىلەن قوراللانغان مىليونلارچە خىتاي
ئەسكەرلىرى بىلەن قارىمۇ قارشى كەلدى.
خىتايلار بۇ ۋاقىتنىڭ سىنارىيىسىنى بېيجىڭدە
پىلانلىغانتى
ئايلار يىللار بۇرۇن،
مىليونلارچە ئەسكىرىنى يەرلەشتۈرگەنتى
شەھەرنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا
ئىلىنىڭ بىر زامانلار قىزىل گۈل پۇراپ تۇرغان
كوچىلىرى،
مىللىي ئۇيغۇر ئەسكەرلىرىنىڭ غالىبىيەت مارشى
ياڭراتقان
ئىلى خەلقى بىلەن ئۇرۇشتىن غەلىبە بىلەن قايتىپ
كەلگەن
ئەسكەرلەرنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن قۇچاقلاشقان
ئۇ گۈزەل كوچىلىرىدا
بىگۇناھ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاقتى دەريا.
ئۇ كوچىلاردا،
بىر زامانلار ئاي يۇلتۇزلۇق بايراقلار
ئارغىماق ئاتلار
ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار قەھرىمان
ئوغلانلىرى
پاگۇنلۇق ئوپىتىسىر، قاسقان شەپكىلەر
گۈللەر چېچەكلەر، بادام دوپپا، تاشكەنت دوپپىلار
دەريا كەبى (ئايرۇپىلاندىن باقساڭ) ئاققان كوچىلاردا...
ئەمدى قان ئېقىۋاتاتتى.
مىنۇس 30 گرادۇس

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىرياندا زەھەر سوغۇق سۇ بىلەن قان چىقارماي قاتۇرۇپ
ـ قاتۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇر گۇناھسىز جانلارنى...
ئۇ كۈن ئۆلۈكلەر كەنتى بولدى
بۇ ئەزىمەت شەھەر
سىلىندى تارىختىن جانلىق يەرلىك ئىنسان قالمىدى.
پەقەت ـ پەقەت
خىتاي جاللاتلىرى، گوداڭلىق ئىتلىرى كەبى
قان يالاپ يۈرۈشەتتى.
ئىش بۇنىڭ بىلەن پۈتمىدى.
مەخپىي كامىرادىن
غەزەپكە كەلگەن بىرەر ئۇيغۇرنىڭ
بىر خىتايغا مۇشت كۆتۈرگەن كۆرۈنۈشى،
ئۇنىڭ قولىغا پىچاق تۇتقان كەبى
ئۆستىلىق بىلەن ياسالدى.
پۈتۈن خىتاي فىلىم ئۇستىلىرى ئىشقا چۈشتى.
ھىيلە بىلەن ياسالدى كاستىلەر.
ئۆلمەكتە بولغان بىلەن ئۆلتۈرمەكتە بولغانلار
كالللىلىرى
تېگىشتىرىلدى.
خەلقئارالىق ئادۇۇكاتلار ئالدىغا
ئۇيغۇرلارنى «جاللات، تېرروررىست» قىلىپ كۆرسەتكەن.
رەسىملەر، فىلىملەر قويۇلدى.

تەك بولمىغان ئىككى كۈچ
بىر تەرەپتە بىر يېرىم مىليار خىتاي
مىليونلاپ زامانىۋى قورال، ئاتوم، كامېرا،
ھەممە نەرسىنى بولغان ھۆكۈمەت، ھوقۇق ساقچى.
تامغا ھەممە نېمىسى بولغان خىتايلار

ئىككىنچى تەرەپتە
قولىدا تۆمۈر سۇنۇقى يوق، ھەتتا بىر پارچە رەسىم
چەكمەك
ھوقۇقى ئىمكانى يوق ئىنىزلىگەن بىچارە خەلق،
دائىغا ئىشلەپ نانسىز قالغان خەلق

خەلقئارالىق ئادۇۆكاتلاردىمۇ نىمە چارە
ئالدىغا كەلگەن ماتىرىياللارغا، رەسىملەرگە، فىلىملەرگە
قاراپ ھۆكۈم چىقارماق زورروندا،
ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئۇدۇر.
ئالدىغا كەلگەن رەسىملەردە
بىرمۇ گۇناھكار خىتاي يوق.
«سىغىزخاندىن ساق، توخۇمدىن ئاق»
ھۆكۈم «ئۇيغۇر تىرروريست!»

چىن سەددىدىن ھالقىپ چىقىپ
ئۇيغۇرنىڭ يەر ئاستى بايلىقى بىلەن
پىتلانغان خىتايلار
ئۇيغۇرنىڭ نەسلى ۋەسلىنى
تامامەن يوقىتىپ خاتىرجەم بولماقچى.

بۇ يولدا خەلقئارالىق ئادۇۆكات
ئادۇۆكاتلارنىمۇ ئالداپ،
«قاپاقباش»
ھالىغا چۈشۈرمەكچى.
ئەمما «ھەقىقەت ئىگىلىدۇ سۇنمايدۇ»
«ئىتنىڭ تەلىپى ئىجابەت بولسىدى، ئاسماندىن يامغۇر
ئورنىغا

سۆگەك ياغاردى»
خىتاي دۇنيادىكى ھەق ـ ئادالەتنىڭ ئادىللىقىنىڭ،
تامامەن،
يوق بولىشىنى تىلەيدۇ. ئۆز مىكىر ـ نەيرەڭلىرىنىڭ
ئالدامچىلىقىنىڭ
ئويدۇرمىلىرىنىڭ پۇت ـ تىرەپ تۇرۇشىنى ئىستەيدۇ.
قىڭغىر ئىش 40 يىلدىن كېيىن بولسىمۇ بىلىنىدۇ»
خىتايىنى دۇنيا خەلقى بىلىپ قېلىۋاتىدۇ.
خەلقئارالىق ئادۋۇكاتلار ھەم....

باشقىسىغا نىمە قىلماسكى
خىتاي ئۆزىنىڭ
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن
تۆت مىڭنى تىيەنئەنمىندىن
تانكا بىلەن ئېزىپ قىيما ياپتى.
(ئوقۇغۇچىلارنىڭ گۇناھى
دېموكراتىيە ئىستىمەك)
قىيمىلار
گۆرجەكلەر بىلەن
كامىيونلارغا يۈكلىنىپ
تاشلىدى مازارلىق
گوداڭلىقا ۋە
باشقا يەرلەرگە...
ئۆز پەرزەنتلىرىگە
بۇ ئىشنى قىلغان خىتايلار
تارىخى دۈشمەنلىرى ـ
ئۇيغۇرلارغا نىمە قىلماسكى!؟

«بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ
قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي»
«ئوغرى - ئوغرىنى تۇت» دەپ ۋارقىرايدىكەن
جالالاتلىقتا، تېررورلاردا بۇ قەدەر ئۇچىغا چىققان خىتايلار
ھېچ ئەيمەنمەستىن،
(نومۇستىن سۆز ئېچىش كېرەكمەس)
قولىدا تۆمۈرنىڭ پارچىسى يوق
ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى -
«تېررورىست» دەپ ۋارقىراشقا جۈرئەت قىلىدۇ،
يۈزىنى داپتەك قىلىپ،

## يېتىم - يېسىر

مەن ئۆزۈم يېتىم يېسىر
تۇغۇلدۇغۇم تۇپراق ئەسىر،
تەڭرىتاغ تەكلىماكان،
يۇرۇڭقاش، ئېرتىش ئەسىر،
(ئاي يۇلتۇز بايراق ئەسىر)

زەنجىرلەنمىش تىلىكىم
كىشەنلەنمىش بىلىگىم.
قۇتۇلدۇرالمىسام يۇرتۇمنى،
مېنىڭ نېمە كېرىكىم؟!

## ئۆزاقتىكى يۇرتۇم

ساقىنغان يۇلتۇزدەك يوق بولۇپ كەتسۇنمۇ؟
ئەجدىھا قارنىدا ئېرىپ كەتسۇنمۇ؟

لوپوشخەي تاپىنىدا چۆرۈپ كەتسۇنمۇ؟
ئالتۇن چايقاپ ئاققان دەريا قۇرۇپ كەتسۇنمۇ؟

مەدەنىيەت بۆشۈكى بولغان ئۇ گۈزەل تۇپراق،
ئۇ تۇپراقتا بەك ياراشقان ئاي يۇلتۇز بايراق.

تاماشا قىلىپ تۇرايلىمۇ يۇرتنىڭ ئۆلۈشىنى،
يىلىكىمىزدىن شوراپ ئىچكەن خىتاينىڭ كۈلۈشىنى.

خۇش پۇراقلىق گۈللىرىمىزنى ياۋنىڭ يۇلىشىنى،
شېكەر سۈيى قوغۇنلۇقتا توڭگۇزنىڭ تولىشىنى.

ئەگەر تەندە جان بار ئىكەن قۇتقۇزايلى يۇرتنى،
تومۇرلاردا بولسا ئەگەر قان قۇتقۇزايلى يۇرتنى.

خىتاي ئاتقان ئاتومدا ياندى گۈل باغلىرىمىز،
ئاھىمىزدىن ياندى قارلار مۇز تاغلىرىمىز.

جاللات خىتاي قول تەگمىگەن بىرمۇ ئائىلە يوق،
ئالەم تارىخ ھېچ كۆرمەپتۇ بۇ قەدەر يارا دۇق.

قانداق يۈرەك يۇرتى ئۈچۈن بولماسكى پىدا؟!
يۇرتۇمنى مۇستەقىل قىل! قۇدرىتى ئۇلۇغ خۇدا!

## بۇرچۇم

تۈركىستاندا بۆركۈتلەرنىڭ كۆزى ئويۇلغان،
ئۇ بۆركۈتلەر كۆزى بولۇپ قارىماق بۇرچۇم.

تۈركىستاندا بۇلبۇللارنىڭ تىلى كېسىلگەن،
ئۇ بۇلبۇللار تىلى بولۇپ سايرىماق بۇرچۇم.

ئېتىكى بىلەن ئايىنى ياپماق بولماقتا دۈشمەن،
دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلىسىنى پاش ئەتمەك بۇرچۇم.

چۆلدە مەردلەر قەبرىسىزدۇر يۈرىكىدە سۆزى،
ئەسلى شېھىدلەر يۈرەك سۆزىنى سۆيلىمەك بۇرچۇم.

بىزنىڭ يۇرتتا بۇلبۇللارنىڭ تىلى كېسىلگەن،
شۇ بۇلبۇللار تىلى بىلەن سايرىماق بۇرچۇم.

بىزنىڭ يۇرتتا شۇڭقارلارنىڭ كۆزى ئويۇلغان،
شۇ شۇڭقارلار كۆزى بىلەن قارىماق بۇرچۇم.

ئېتىكى بىلەن ئايىنى ياپماق بولماقتا دۈشمەن،
شۇ دۈشمەننىڭ نەيرىڭىنى پاش قىلىش بۇرچۇم.

ئەۋلادىمنىڭ يۈرىكىگە قۇللۇق تامغىسى،
ئورغان ياۋنىڭ كۆزىنى قانلىق ياش قىلىش بۇرچۇم.

ئاي يۇلتۇزلۇق توغ سۆيۈشچۈن ئۆلدى مىليونلار،
شۇلار لىۋىدە ئۈز توغۇمنى سۆيمەكلىك بۇرچۇم.

چۆلدە باتۇر قەبرىسىدۇر يۈرىكىدە سۆزى،
شۇ شېھىدلەر يۈرەك سۆزىنى سۆزلىمەك بۇرچۇم.
1986 ـ يىل ئىستانبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## كاشكى

تۇغۇلۇپلا كاشكى مەن كۆرسەم،
ئۆز ـ ئۆزىگە خوجا بۇ ئەلنى.
ۋەيا كۆرمەي ئۆلۈپلا كەتسەم،
ھۆرلۈك ئەركىكە سازاۋەر ئەلنى.

كىسلاتاغا چىلانغان كەبى
ئېچىشمايتتى يۈرىكىم مېنىڭ.
(ئىلىمگە ھۆرىيەت كەلتۈرەلمىدىم
دوستلار بارمۇ كىرىكىم مېنىڭ)

تۇرك بالىلىرى سۆيۈپ كۆرۈشسە،
ھۆرمەتلەشسە، ئويناپ كۈلۈشسە.
يۈرەك سۆزىنى بىر ـ بىرىگە ئېيتىپ
ئەركىن بىمالال يايراپ يۈرۈشسە.

ھەر بىرى بېشىغا ئوتتۇزچە خىتاي
دەسسەپ تۇرغان خەلقىمنى ئەسلىدىم.
ئالەم يۈزىدە بارچە مەخلۇقتىن،
بەك كەم بېرىلگەن بەختىمنى ئەسلىدىم.

## ئەسىرگە سوئال

يىگىرمە بىرىنچى ئەسىر سېنىڭدىن،
سورىۋالاي بىر سوئالىمنى.
بېشىم پۈتۈن ئۇچىم تۈتۈندۇر
ئەلگە يايىما مېنىڭ زارىمنى.

دۇنيا خەلقى كەلدى ئىشىكىڭگە،
كىرمەك ئۈچۈن باغچاڭغا سېنىڭ.
نېمە بولىدۇ جاۋاب بېرىپ باق
بىر تال غىنا سوئالىمغا مېنىڭ.

شىزاڭ، موڭغۇل، شەرقىي تۈركىستان
ئۈچى گويا ئۈچ گەۋھەر ئىدى.
قىزىل ئەجدىھا ـ خىتاي چەمگە ـ
چاپلىدى ئۇنى، مېنىڭكى... دېدى.

بۇ قېتىممۇ بوسۇغاڭنى سېنىڭ
ئۈچى كۆز ياشتا نەمدەپ ئۆتەمدۇ؟
يەنىلا بۇلارنى خىتاي تىرنىقى
نەسلى قۇرۇتۇش كېسىلى كۈتەمدۇ؟

×××

سۆزلە ئەسىر بوسۇغاڭدىن سېنىڭ
قانچە دۆلەت كۈلۈپ ئۆتىدۇ.
مۇستەقىللىق يىلىدا يەلپۈنگەن
ئۆز تۇغىنى سۆيۈپ ئۆتىدۇ.

## تارىم قىزى

ۋولقان دېمەك ئۇ ئېتىلغاننى،
تارىم قىزى يۈرەك ئاھىدۇر.
لەختە ـ لەختە ئۇنىڭ جىگىرى
گۈل بەرگىدىن چۈشكەن لالىدۇر.

چاقماق دېمەك ئۇ چېقىلغاننى
ئاشۇ قىزنىڭ غەزەپ قەھرىدۇر.
گۇلدۇرماما بولۇپ ئاڭلانغان
ياۋغا قارشى تارتقان نەرىدۇر.
1986 ـ يىل ئىستانبۇل

## پەخىر

پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ ئىنسان،
تۈرك نەسلىدىن تۇغۇلغىنىغا.
ئەقىل، بىلىم، مەردلىك جاسارەت،
ھەم گۈزەللىكتىن يۇغۇرۇلغىنىغا.

ئەخمەق ئەمەس تۈرك باللىرى،
بىر ـ بىرىگە ئاتمايدۇ ساداق.
دوستىنى يىغلىتىپ، ياۋنى كۇلدۇرۇپ،
دۈشمەن ئالدىدا بولمايدۇ مازاق.

## ئاپەت

ئاپەت كۆپتۇر جاھاندا ھەرخىل،
تەۋرەيدۇ يەر كۆچىدۇ تاغلار.
سەلەپ كېلەر گاھىدا ئوتنىڭ
بورانىدا ئۆرتىنىپ باغلار.

لېكىن بارچە ئاپەت يېتەلمەس،
ئادەم سانى ئاپىتىگە ئەسلا.
مىڭلاپ قومۇرسقا يېمەكتە بىزنى،
ھوشيار بول توگەپ كەتمەيلى دوستلار.

## دېرىزەمگە بىر قۇش قوندى

دېرىزەمگە بىر قۇش قوندى،
قاچمىستى.
مېنى مىسكىن قاتارىغا،
قاتمىستى.

ئۇ بولسىدى ھاياتىمنىڭ،
جان يولدىشى.
قۇرۇق قالغان كۆڭۈل بېغىم،
پادىشاھى.

## بىر زامانلار

بىر زامانلار توق ئىدىم،
بىلمەستىم ئاچ غېمىدىن.
ئەمدى ئاچتىن ئاڭلىدىم،
(ئەمدى ئاچلىقنى چۈشەندىم)
چۈشتى ياپراق شېخىدىن.

## تامچە يېشىم

ئاسان ئەمەس يۈرەك قېتىدىن،
ئۇخچىغان ياشنى توختىتىپ ئالماق.
ئاسان ئەمەس يۈرەكتە ماتەم
بارماقتا توي سازىنى چالماق.

گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەكلىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پاتقاندىمۇ ياۋنىڭ خەنجىرى.
35 يىل زەي بىر زىندانىدا
چىرمىسىمۇ ياۋنىڭ زەنجىرى.

ياۋ ئالدىدا تۆكمەي يېشىمنى
ئى ئاق دېڭىز ئەپكەلدىم ساڭا.
ئاچچىق يېشىم بولسۇن بىر قەترەڭ
يېشىم تۆگەي رۇخسەت قىل ماڭا.

دولقۇنۇڭغا قوشۇلۇپ يېشىم
ئۇ كىرسۇن زۇلۇمغا قارشى.
دولقۇنۇڭدىن ئاڭلانسۇن ماڭا
مۇستەقىللىق ھۆرلۈكنىڭ مارشى.

1985 ـ يىل ئىستانبۇل

## شۇ ھايۋانات باغچىسىدا بولسام...

تۆگە بىلەن مۇشۇكئېيىقنى،
"نەسلى قۇرۇش ئالدىدادۇر دەپ.
نى ئالىملار ـ ئەقىللىق ئىنسان،
ئاسرار ئۇنى باغچىدا ھەدەپ.

ھەتتا ئاسراش رايونلىرىدا،
ئاسرىلىدىكەن شۇ خىل ھايۋانلار.
ئاق كۆڭۈل ئىنسان شەپقىتى بىلەن
ھايات قالاركەن ئازىيىۋاتقانلار.

قىزىل پالتا، قىزىل نەيزىنىڭ

قىرغىنچىلىقىدىن توگەي دېدۇق بىز.
خىتاي كەلگۈنى ئىپلاس ئايىغىدا
يوقىلىشۋاتىدۇ ئۇيغۇر ماكانى ئىز.

مۇشۇكىشىمىق قاتارىدىكى
تۆمۈر قەپەسكە مەنمۇ سىيلىناي.
ئارزۇيۇم شۇ!
دۇنيا مەردلىرى
مەنمۇ ھېسداشلىق نەزىرىگە ئىلىناي.

## تۇپراق بولۇپ كەتكەنگە قەدەر

تۇپراق بولۇپ كەتكەنگە قەدەر،
كېلىڭ يۇرتداشلار توپلىشايلى.
يۈرەك سۆزلىرىمىزنى سۆزلىشەيلى،
ئاتالاردىن مىراس كۈيلەر كۈيلىشەيلى.

تۇپراق بولۇپ كەتكەنگە قەدەر،
كېلىڭ ۋەتەنداشلار بىر يول تاپايلى.
بەختىمىز غۇنچىسىغا يۆگىشىۋالغان،
تىكەنلىك يۆگىمەچىنىڭ يىلتىزىنى چاپايلى.

تۇپراق بولۇپ كەتكەنگە قەدەر،
كېلىڭ چىش تىرناقلىرىمىز بىلەن "ستان" قۇرايلى.
قولىمىزغا نېمە چىقسا تاش، كالتەك، يىڭنە،
نومۇسىمىزنى دەسسىگەن ياۋنى ئۇرايلى.

2006 ـ يىل ئىستانبۇل

## كۆمۈلگەن قەلب

بىز تۇپراققا كۆمۈلگەنگە قەدەر،
قەلبىمىز كۆمۈلۈپ، كۆمۈلۈپ تۈگەيدىكەن.
بارغانچە ئىچىڭدە "روزا" تىشىڭدا "ھېيت"
ھايات جىلۋىسى يۈزىگە ئەتلىك سۈركەيدىكەن.

ئۆلگەن شىبھىتلىرىم يېقىنلىرىم بىلەن، -
مەنمۇ ئۆلگەن،
ياشىغان ئۆلۈكمەن.
دۈشمەننى خۇشال قىلماسلىق ئۈچۈن،
مىلىك قېتىم ئۆلسەممۇ يەنە تىرىكمەن.

كۆمۈلگەن قەلبلەر روھى كۆمۈلمەس،
بىز خۇشال قىلمىساق ئۇ روھلار كۈلمەس.
بىرلىشىپ سۇغارساق پەرۋىش قىلساق،
تەكلىماكاندا بوستانلار سولماس.

## ئىچىمدە بار ئىكەن

ئانامنىڭ جىنازىسى ئىچىمدە قالدى،
ئۆمرۈم بويى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن.
چۈنكى مەن سۈرگۈندە يۇرتۇمدىن ئۇزاق، -
ئۆتنىڭ ئىچىدا كۆيۈپ يۈرىمەن.

ئەۋلادلىق بۇرچۇمنى ھېچ ئۆتەلمىدىم،
قانىتىم يوق تاغلاردىن ئۇچۇپ كىتەلمىدىم.
ئۆز يۇرتۇم بولدى ماڭا كۆكتىكى يۇلتۇز،

ئۆزاتتىم قولۇمنى ھېچ تۇتالمىدىم.

ئۆلكىلەر ئارىسىدا چېگرالار بار ئىكەن،
كەڭ دۇنيا بەزىندە قەپەستىن تار ئىكەن.
بۇلبۇلنىڭ گۈل ئۈچۈن چەككەن پەريادى، -
نەئەيلەيىن
قانداق قىلاي
قەلبىمنىڭ ئىچىدە بار ئىكەن.

جاۋابىم قوشاق بولدى
"گېرمانىيەگە تەكرار،
بارامسىز؟" دېدى بىرسى.
"ئەگەر يەنە بارسىڭىز، -
قالامسىز" دېدى بىرسى.

جاۋابىم قوشاق بولدى:
(گېپىم بىر ئاز ئۇششاق بولدى.
بېشىمنى تولا قاشلاپ
بېشىم بىرئاز قوماق بولدى).

"كېتىمەن ئېلىڭىزدىن،
يۈتىمەن كۆزىڭىزدىن
يېشىل باش ئۆردەك بولسام،
سۇ ئىچىمەن كۆلىڭىزدىن"
تۈرك خەلق قوشاقلىرى

# ئىچىمدە

ئىچىمدە ئىغىر ھەسرەت،
ئارمان قالدى ئىچىمدە.
ۋاقىتسىز قارلار باسقان،
خامان قالدى ئىچىمدە.

ئەلنى ياۋدىن قۇتقۇزماق،
بۇرچۇم قالدى ئىچىمدە.
تاشتىن سۇلار چىقارغان،
ئاۋجۇم قالدى ئىچىمدە.

چىكەلمىگەن تاماكامنىڭ،
تۇمانى قالدى ئىچىمدە.
خىتاي تۇرمىسىدە قىيىن ـ قىستاق ـ
زۇۋانى قالدى ئىچىمدە.

خەلقنى ئىنسانچە ياشاتماق،
خىرىس قالدى ئىچىمدە.
دۈشمەن ئاتقان ئاتومنىڭ ـ
بىرسى قالدى ئىچىمدە.

تۇغۇلمايلا ئۆلگەن مىليون ـ
بوۋاق يىغىسى ئىچىمدە.
ئەلمىساقتىن بۇيانقى ـ
دۇنيا كىچىسى ئىچىمدە.
(قاراڭغۇ كىچىلەر ئىچىمدە)

# يىغلىغان گۈل

داستان

ئون ئۈچ ياشلار... يەتتە قىز،
دەريا بويىدا توپلاشتى.
كىچىك دەردلىك يۈرەكلەر
كۆز ياش بىلەن دەرتلەشتى.

- نېمىشقا بىزنىڭ تۇپراقلارنى
خىتاي زالىمى باسىدۇ ؟!
- ئاتىلىرىمىزنىڭ ئاياغ بارمىقىدىن،
نېمىشقا دارغا ئاسىدۇ ؟!

قۇرايلى بىز مەخپىي تەشكىلات،
ۋەتەن ئۈچۈن جانىمىز پىدا.
ھۆر مۇستەقىل تۇپراقىمىزدا
خىتاي زالىمىدىن بولايلى جۇدا.

نېمە ھەققى بار، بىزنىڭ تۇپراقتا،
نېمىشقا بۇلايدۇ، ئالتۇن پېترولنى.
سەددىچىنىنىڭ ئىچىگە كەتسۇن، -
كۆرستەيلى ئۇلارغا يولنى.

قەسەم ئىچىشتى كىچىك يۈرەكلەر،
يۇقىرى كۆتۈرۈلدى كىچىك بىلەكلەر.
ماۋى ئاسماندا خۇددى ئاق كەپتەر،
پەرۋاز قىلدى ئىستەك تىلەكلەر.

تەشكىلاتنىڭ پرىنسىپلىرى،
قانۇنلىرى، تۈزۈمى بار ئىدى.
ئەزالارنىڭ سىر ساقلىشى ئۈچۈن،
ۋاپادارلىق ساداقەت يار ئىدى.

تولۇنئاي يوشۇرۇندى بۇلۇت ئارىسىغا،
شېرىنئاي چىقتى ئاستا كوچىغا.
يەتتە قىزنىڭ بىرسى ئىدى ئۇ،
ئىش باشلىدى، ئىشىنىپ كوچىغا.

سومكىسىدا يېزىلغان شوئار
تامغا، دەرەخكە چاپلاۋاتاتتى.
كېچە قاراڭغۇ ئامما خىتايلار
چاشقان كۆزىدە ماراۋاتاتتى.

ساباھ مىللەت كۆردى تاملاردا
"يوقال! كەت خىتاي" شوئارلىرىنى
ئۇيغۇرلارنىڭ يۈزىدە تەبەسسۇم،
كۆرسەڭ خىتايلار تاتارغىنىنى...

ئايلار ئۆتتى باتۇر شېرىنئاي،
چاپلاۋەردى تاملارغا شوئار.
قىسىق كۆزلەردىن پىشقىردى زەھەر،
ئۇيغۇرلارنىڭ دىلىدا باھار...

تۇتۇۋالدى خىتاي زالىملار،
ماراپ يۈرۈپ شېرىنئاي قىزنى.
دېدى: تېز سۆزلە شېرىكلىرىڭنى،

ساڭا مۇكاپات،
خۇشال قىل بىزنى،

كىچىك قىزنىڭ پۇت قولىدا كىشەن،
بازار مەيدانى توپلاندى ئىنسان.
قىزنىڭ يۈزىدە تاماكا ئۆچۈردى،
ئۇيغۇر شەكلىدە، سېتىلمىش ھايۋان.

شېرىنئاينىڭ سوراقتىكى جاۋابى:

- سەبداشلىرىم يوق، يالغۇز جەڭچىمەن،
جانابى ئاللاھتىن ئالىمەن ئەمر.
نېمە ھەققىمىڭ بار، مېنىڭ ئۆلكەمدە،
ئەكەتكىنىڭ ئالتۇن،
ئەكەلگىنىڭ كىر...

نېمىشقا بىزنىڭ بايلىقلىرىمىزنى،
بۇلاپ - تالاپ توشۇپ كېتىسەن؟
نېمىشقا مىللىتىم قېنىنى ئىچىسەن؟
نېمىشقا ھەددىڭدىن ئېشىپ كېتىسەن؟

قوتىنىڭ ئىچىدىكى قۇتۇلار كىبى،
سوراقخانىنىڭ ئەتراپى تاملار.
خىتاي زالىمى ۋارقىراپ كەتسە،
چۆرىسىدە تەڭكەش ئىتلىرى ھاۋلار،

يۈك ئارغامچىنى ئىككى دەرەخكە،
قاتتىق تارتىپ باغلىدى جاللات.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

مەسۇم گۇدەكنى، ئارغامچا ئۇستىگە،
مىندۇرۇپ جاللات،
سىرىدى، ۋايدات.

قىزنى مىندۇرۇپ ئارغامچا ئۇستىگە
ئالدىغا، ئارقىغا سىرىپ تۇراتتى.
ئەنئەنىۋى زوق خىتايلار ئۇچۇن
قاھ قاھلار ئېتىپ كۇلۇپ تۇراتتى.

ئالدى ئارقىغا سىرىدى قىزنى
ئىككى پارچە بولۇپ ئۆلگەنگە قەدەر.
خۇددى ئارغامچا ئۇزۇن بىر ھەرە،
قىزنى ئىككىگە بۆلگەنگە قەدەر.

ئاسمان چىدىيالماي تەۋرەپ كەتتى
پۈتۈن يۇلتۇزلار تۆكۈلدى غايىپ.
گۈلدۈرماما ۋارقىراپ كەتتى:
"ئىنسانلىق ئۇچۇن بۇ بۈيۈك ئەيىب !!!"

ھاراقتا قوشۇپ ئىچتى جاللاتلار،
تامچا - تامچا قىزنىڭ قېنىنى.
"گوشۇڭ"،"گوشۇڭ" ئېتىشتى تەبرىك،
ئالغىنى ئۇچۇن قىزنىڭ جېنىنى.

يۇلتۇزلار دەيدۇ:
مىليون يىل ياشاپ، -
مۇنداق زۇلۇمنى كۆرۈپ باقماپتۇق.
ھەتتا بولسا بىز ئىنساندىن ئۇزاق،

ھەنىم بولسا بىز يەرگە چۈشمەپتۇق.

دېدى بىر يۇلتۇز:
خەنزۇ ئەھلىنى، -
ئىنسان قاتىرىغا قاتماقلىق خاتا.
بولسىمۇ گەرچە ئىككى ئايىغى، -
قاۋان توڭگۇزدىن تۆرەلگەن پادا...

ياپرىقى چوڭ، ئورتا بوي بىر گۈل،
ۋەھشىي ۋەقەگە گۇۋاھچى بولۇپ قالدى.
ياپراقلىرىنىڭ تومۇرلىرىدىن
تامچە، تامچە كۆز يېشى ئاقتى.

شامال ئۇ گۈلنىڭ ئۇرۇقلىرىنى،
يايدى دۇنيانىڭ تۆت بىر يېنىغا.
شىرىنئاي چەككەن ئاچچىق ئىزتىراپ،
كىردى ئۇ گۈلنىڭ، تويغۇ، قېنىغا.

ساباھ - ئاخشام ياپراقلىرىدىن،
تامچە - تامچە كۆز ياشلار تۆكەر.
ئۇيغۇر قىزىنىڭ ھالىنى سورىساڭ،
يېتىم بالىدەك بوينىنى پۈكەر.

يوغان تەشتەكتە بۇ "يىغلىغان گۈل"
كۆپ ئىنسانلار بۇنى سۆيىدۇ.
داستانىمىزنى ئوقۇپ كۆرمىگەن،
نېمىشقا يىغلىدى، قانداق بىلىدۇ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تۈگمىدى تېخى ئېچىنىشلىق داستان،
قوشماق قىزلار ئىدى بىزنىڭ شېرىنئاي.
ئونبەش مىنۇت كېيىن تۇغۇلغان ـ
بىر سىڭلىسى بار ئىسمى گۈلسۇمئاي.

پارچىلىغاندا شېرىنئاينى جاللات،
گۈلسۇمئايلارغا كۆرسەتتى باغلاپ...
ئاتا ـ ئانىسى ئەكەلگەن ئۇ يەرگە،
يۈرەك باغرىنى زەھەردە داغلاپ.

دادا داۋۇت خۇددى بىر ئارسلان، ـ
غېنى[1]، سادىر،[2] زەنجىرنى ئۈزدى.
بىر جاللاتقا باش، بىرىگە مۇشت، پەشۋا،
يىگىرمە جاللاتنىڭ ئۆلۈكىنى تىزدى.

چاپراس ئوقلار ئىچىدە داۋۇت،
جاللات كاللىسىنى جاللاتقا ئۈردى.
خىيالىدا داۋۇت جاللات ئۆلۈكىدىن،
سەددىچىن كىبى بىر سېپىل قۇردى.

سەزمەيتتى ئۇ بەدەنلىرىنىڭ،
ھەر تەرىپىدىن كىرگەن قوغۇشۇننى.
جاللات بېشىغا ئېتىلىپ بىردىن
چاچرىتىپ چىقاردى ئىككى كۆزىنى.

---

[1] غېنى ـ غېنى باتۇر.
[2] سادىر ـ سادىر پالۋان.

سوپىيەم ئانىنىڭ يېرىلدىمۇ يۈرىكى،
كاككۇك قۇش كىبى قانلار قۇساتتى.
نەپرەت بىلەن بېقىپ ئالدىمغە،
ھەيكەل بوپ قاتتى،
چىمەنگە يىقىلدى.

يىغلىغان گۈل، ئۇنىڭ ئاغزىغا،
كۆز ياشلىرىدىن تامچە سۇ بەردى.
شامال ئۇنىڭ ئۇچۇق كۆزلىرى،
چۈگۈلگەن ئۇزۇن چېچىنى تاردى.

ئاخىرقى نەپەسىدە دېدىكى ئانا:
ئاللاھىم بىزنى نېمىشقا ياراتتىڭ؟!؟
ئۆزۈڭ يارىتىپ نېمىشقا مۇنچىلا ـ
پەسكەش خىتايلار قولىغا قاراتتىڭ؟!؟!؟

جاللاتلار يېدى داۋۇت قەلبىنى،
نەق مەيداندا، قورۇپ، كاۋاپ قىپ.
قورقماس ئىنسان يۈرىكىنى يېسەڭ ـ
قورقماس بولىسەن دەرمىش چىن تېۋىپ.

ئەمدى كېلەيلى، گۈلسۇمئاي قىزغا،
ئۇ ئۇلايدا تۇتۇلدى تىلى.
ھەتتا كىرپىكى ھەرىكەت قىلمايدۇ،
ھېچنەرسىنى سەزمەيدۇ تېنى.

خىتاي مۇنەججىم گۈلسۇمئاي قىزغا،
تىڭشاتتى ئۇيغۇر بەك گۈزەل سازى.

قىزنىڭ ئايىغى كەلدى ھەرىكەتكە،
چىققتى ئاستا ـ ئاستا ھاياتلىق نازى.

ئۇ كۈندىن تارتىپ بىزنىڭ گۈلسۈمئاي،
ئۇيغۇر مۇزىكىغا ئۇسسۇل ئوينايدۇ.
"بىر قاش بىلەن بىر قانچە قوش ئۇردۇق" ـ
دېيىشىپ خىتاي خۇشال قاينايدۇ.

مەيلى باشقا ئىنسان، مەيلى خىتايلار،
تاماشىبىنلار ھېچ پەرق ئەتمەيدۇ.
ئۇسسۇل ئويناشقا 24 سائەت،
گۈلسۈمئايغا ئەسلا يەتمەيدۇ.

خۇشال كۈلۈپ ئوينىمىسا قىز،
خىتاي باشلىقى ئۇنى ئۇرىدۇ.
نى قەدەر يالغان ھىجىيىپ ئوينىسا
خىتاي ئۇنىڭغا مۇكاپات بېرىدۇ.

ئوينار گۈلسۈمئاي كۈلكە تارقىتىپ،
ئۇيغۇرنىڭ گۈزەل لىرىك سازىغا.
ئوينايدۇ گۈلسۈم بەزەن بۇلبۇلنىڭ ـ
بەزەن قاغىنىڭ شۇم ئاۋازىغا.

ياپانجى ھەيئەت كەلسە جۇڭگوغا،
خىتاي ئوينىتار گۈلسۈمنى دەرھال.
"ئۇيغۇر ئېزىلدى دېيىشىۋاتاتتى
ئۇيغۇر بەك خۇشال، باشقىچە ئەھۋال"

يوقمۇ دوختۇر گۇلسۇمنىڭ كىبى،
ھوشى يوقلارغا دورا بېرىدىغان.
يوقمۇ دۇنيانىڭ بىر جۇملە سۆزى
خىتاي زالىمنى "توختا!" دەيدىغان.

## سوي قىرىم

خوجا نەسىردىن ئىككى كىلو گۆشنى،
"تاماق قىلغىن" دەپ خوتۇنىغا بېرىپتۇ.
ئىشتىن قايتىپ ئەتىسى نەسىردىن،
قارنى ئېچىپ ئۆيىگە كەپتۇ.

دەپتۇ خوتۇن " تاماق قىلالمىدىم،
چۈنكى ئۇ گۆشنى مۈشۈك يەپ قاپتۇ"
كىچىككىنە مۈشۈك... ئىككى كىلو گۆش ـ ھە!
نەسىردىن خوجا بەك ھەيران قاپتۇ.

ئاپتۇ قولىغا بىر تارازىنى،
مۈشۈك دەلمۇدەل ئىككى كىلو كەپتۇ.
"بۇ مۈشۈك بولسا گۆش نەگە كەتتى؟
ئەگەر گۆش بولسا، مۈشۈك نەدە؟" دەپتۇ.

ئەگەر ئەرمەنىنىڭ قىرىلمىشىسا سويى
"ئەرمىنىستانى" نەدىن چىقتى؟
قىرىلمامىشكەن ئۇنىڭكى سۇيى
"سويقىرىم" غەۋغا نەدىن چىقتى؟
قەيەردىن چىقتى؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كۈنلەردە خىتاي، ئۇيغۇر نەسلىنى،
سوي قىرىم بىلەن تۈگەتمەكتە قىرىپ.
تارىختىكى ئۇيغۇرىستاندىن،
قالدىمۇ بۈگۈن 32 ھەرپ...

يوقمۇ دۇنيادا خىتاي زالىمنى،
"تور!" دەيدىغان بىرەر ئەزىمەت.
يوقمۇ ئادىل سۆزلىگەن ئورگان،
يوقمۇ ئادىل سۆزلىگەن دۆلەت.

2006 ـ يىل ئىستانبول

## كۈلدۈم مەزە قىلىپ ئۆمرۈمدە بىر رەت

يىغلاپ تۇغۇلدۇم يورۇق دۇنياغا،
بەلكى يىغلاپ ئۆلۈپ كېتەرمەن.
ئېچىلماي توزۇغان گۈلدەك،
بەلكى قوروپ سولۇپ كېتەرمەن.

شۇنداقتىمۇ پەقەت بىر قېتىم،
كۈلدۈم دوستلار كۆكسۈمنى كېرىپ.
كۈلمەك ماڭا بولۇپتۇ نېسىپ،
يىللاردىن قانچە ئونلارنى بېسىپ.

58 دىن 80 گە قەدەر،
خىتاي بىلەن تىللاشتى ئورۇس.
رادىئو، گېزىت ئىت تالىشى،
ھەر ئىككىسى دەر "مېنىڭكى دورۇس"

خىتاي دەيدۇ: "ھەي ئورۇس چېگراڭ ـ
موسكۋانىڭ بىقىنى خالاس.
ئۇندىن بىرىكى پۈتۈن تۇپراقنىڭ،
باشقا مىللەتنىڭ بولغانلىقى راست". ..

ئورۇس ئېتىدۇ: "قارا يۈز خىتاي،
سېنىڭ چېگراڭ سەددىچىن سېپىل.
ئۇنىڭدىن تېشىپ كىشىنىڭ يۇرتىدا،
ئۇلارنى يەۋاتىسەن بولۇپ قوتۇرچىل"
........................

باتۇر بىر قېتىم ئۆلۈر،
قورققاق مىڭ قېتىم

يۇرتنى ساتقان ئۇ مەخلۇقتىن سوراڭلا،
بىلەمدۇ قانچە رەت ئۆلگەنلىكىنىڭ ھېسابىنى.
قولىقى تۇۋىدە شىرىلدامدۇ شېھىتلەر قېنى....
كۆتۈرەلەمدۇ پۈتۈن يۇرتنىڭ ۋابالىنى ؟!؟؟

## چىن سەددى

سەددىچىننى ئۆزۈڭ سوقتۇڭ بىزلەردىن قورقۇپ،
ئەمدى نېمىشقا چىقىپ كەلدىڭ ئۇنىڭدىن ھالقىپ.

ساڭا پۇشۇرۇپ سوۋۇتۇپ قويغان ئېشىمىز بارمىدى؟
ياكى قىزىڭغا ئېتىپ قويغان قېشىمىز بارمىدى؟

نىيىتىڭ يامان نەسلىمىزنى يوقىتىش پىلانىڭ،

ئەجدىھا بولۇپ ئىنسانلارنى سۈمۈرمەك خىيالىڭ.

نېفىتىمىزنى ئىچىۋاتىسەن "كولا" ئورنىغا،
قېنىمىزنى ئىچىۋاتىسەن سۈنىڭ ئورنىغا.

بىر كۈن يېتەر ئاھ - زارىمىز جانابى ئاللاھقا،
سەن خىتاينىڭ كۈلىنى سورار شامال ساماغا.

سېنىڭ چېگراڭ چىن سەددىدۇر باشقا چېگراڭ يوق،
چىن سەددىگە قاراپ قاچماقتىن باشقا چارەڭ يوق.

## توقۇم (ئۈچۈلۈق)

ۋەتىنىڭنى باسقان شۇ دۈشمەن،
سېنىڭ ئۈستۈڭگە توقۇم توقۇپتۇ.
ئىنسان كۆرمەي، پەس كۆرۈپ سېنى،
ۋەزىپە بېرىپ قوشقا قېتىپتۇ.

سەن ئىنسانسەن، سۆڭىكىڭ ئېسىل،
ئۇ توقۇمنى تاشلا، چۆرۈپ ئات.
دۈشمەن قەلبىگە ئۇرغىن زەربەڭنى،
دېگىن "يېتەر قىلغىنىڭ جاللات!"

## ئىچىدە

ئاش نېنىم تاش ئىچىدە،
يۈرىكىم ياش ئىچىدە.

ھاياتىم زىندان ئىچىدە،
باھارىم زىمىستان ئىچىدە.

ئۈمىدىم تۇماق ئىچىدە،
ۋەتىنىم توفان1«توفان ـ توفان بالاسى» ئىچىدە

## قۇتقۇزغىن بىزنى

ئاتلار بويىنىغا سالايلى سالغا،
قانداق بولدى چۇشۇپ قالدۇق بۇ ھالغا.

يۇرتىمىزغا مىكروب كەلدى، بىرى مىڭ بولدى،
يىگىنىمىز ئاش زەھەر زوقۇم، چىپىمىز كىن بولدى.

جانابى ھەق خىتاي مىكروبتىن قۇتقۇزغىن بىزنى،
بىزلەر كۆرگەن كۈنگە قويما ھېچ ئوغۇل ـ قىزنى.

## يىغلا

يىغلا، مۇساپىرلەر يىغلا،
يىغلا، ۋەتىنى ئەسىر، يىغلا.
ۋەتەن ئانىنى قۇتقۇزالمىدۇق،
يىغلا يۈرەك، سۆڭەكلەر يىغلا!

يىغلا تەڭرىتاغ يىغلا،
تاغ ـ تاشلار يېرىلىپ يىغلا.
دۈشمەنىنىڭ ئايىغى ئاستىدا،
ئاتا مازارى، گۈل باغلار.

يىغلا دەرتمەنلەر يىغلا،
تۇغۇلمىغان بوۋاقلار يىغلا.
"ئىمىشقا مۇراتسىز تۇغۇلدۇق " دەپ،
يۈرەكتە يارىلار يىغلار.

## مەن بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرىمەن

مەن بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرىمەن،
چۈنكى بۇ دۇنيادا تۈرك دۇنياسى بار.
بۇ شۇنداق بىر دۇنياكى،
بىر تەن،
بىر ۋۇجۇد،
بىر يىلتىزدىن چىققان ئەبەدى سولماز چىنار.

مەن بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرىمەن،
چۈنكى بۇ دۇنيادا تۈركلۈك بار.
بىرلىك بار،
مۇھەببەت بار،
شەپقەت بار،
مەردلىك بار، يىگىتلىك بار.
تومۇرلاردا ئاسىل قاننىڭ جۇشقۇنى بار.

ئىستىقبالنىڭ،
ئىستىقلالنىڭ، -
مىۋىسى، غۇنچىسى، ئەرتىسى بار.

ئاھ تۈرك بىرلىكى،
دۈشمەننىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان قورقۇ!

## ئۈمىد يۇلتۇزى

ۋەتىنىم ئەسىر مەن بىر سەرگەردان،
ماڭدىم ئاۋارە مەن يالاڭ ئاياغ.
يوللىرىم تىكەن ئورمان قاراڭغۇ،
كېتىۋاتىمەن مەن يالاڭ ئاياغ.

يامغۇر دېمەڭلار مېنىڭ كۆز يېشىم،
دەرتسىز بىر مىنۇت ئۆتمەيدۇ بېشىم.
مەردلەر زىنداندا ئادىللار شېھىت،
زەھەر بولدى ئىچكەن ھەر ئېشىم.

قارا بورانلار چېچىمنى يۇلدى،
چۆل يىلانلىرى ئىسقىرىق چالدى.
قاراڭغۇ تۈن،
نەدە چېقىلغان؟
ئۈمىد يۇلتۇزى نەلەردە قالدى؟

دۇك ـ دۇك ئاتتى ئۇ ئان يۈرىكىم،
ئۈمىد يۇلتۇزى بۇ يەردىمەن دېدى.
بىر ئان باقتىم كۆك سانسىز يۇلتۇز ـ
ئۈمىد نۇرى ساچتى، دە گۈلدى.

## ئىچىمدە، ۋاي ئىچىمدە

قاراڭغۇدا يوقاپ كەتكەن،
بىر ئەۋلاد بار ئىچىمدە.
مېنى ھەر كۈن ئۆلتۈرگەن،

مىڭ جاللات بار ئىچىمدە.

چۆلدە كېچە يىغلىغان،
گۈلخانلار بار ئىچىمدە.
قارلىق تاغدا پارتلىغان ــ
ۋولقانلار بار ئىچىمدە.

ئەجدادلارنىڭ مىراسى
جەۋھەرلەر بار ئىچىمدە.
ئۆلگىنىمدە ئاشكارا
گەۋھەرلەر بار ئىچىمدە.

لەيلا بىلەن مەجنۇننىڭ،
ھىجرانى بار ئىچىمدە.
مەزلۇملارنىڭ كۆز يېشى ــ
توفانى بار ئىچىمدە.

تۆلكىلەرگە ئېتىلغان،
شاھىنلار بار ئىچىمدە.
ھەقسىزلىككە پارتلىغان
مايىنلەر بار ئىچىمدە.
(مىنا)

دەردمەن پادىچى چالغان نەي،
مۇڭ زارى بار ئىچىمدە.
بېشىڭنى يېگۈر ھاياتىنىڭ
سۆيگۈسى بار ئىچىمدە.
2006 ــ يىل ئىستانبۇل



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## كۆڭۈل كۆرمىسە

ھەركىم "قارا" دەر،
ئاللاھقا ئاقمەن.
دوختۇر خەستە دەر،
ئاللاھقا ساقمەن.

ھەركىمنى دېمەس،
ئىچىم نې بىلمەس.
كۆڭۈل كۆرمىسە،
كۆز ئەسلا كۆرمەس.

## خالىساڭ قايتما ماڭا

سەن مېنىڭ تاغلىرىمنىڭ كىرالى ئاسلان،
سەن مېنىڭ يايلىقىمدا سەكرىگەن پاقلان.
سەن مېنىڭ قۇياشىمسەن خالىساڭ نۇر چاچ،
خالىساڭ بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىغا ساقلان.

مەن ئۈچۈن جۇر شاھىنسەن ئۈچ ئوزاقلارغا،
خالىساڭ قايتما ماڭا باق كۆڭۈل كەيپىم.
قويالمايمەن قەپەزلەرگە ھېچ زامان سېنى،
نىقەدەر سۆيگىنىمنى يالغۇز بىلۇر رەببىم،

## كۆڭلۈم بىر دوست ئىستەيدۇ

كۆكتە ئۇچىدۇ جۈپ ـ جۈپ قۇشلار،
ئىرىمەكتە تاغدا مۇزلار.

تانسا ئويىندى ئوغۇل ـ قىزلار،
كۆڭلۈم بىر دوست ئىستەيدۇ.

بۇلۇت كەتتى كۆرۈندى ئاي،
مەن يالغۇزمەن ئالدىمدا چاي.
يېشىل يايلاق، يۈگۈرەيدۇ تاي،
كۆڭلۈم بىر دوست ئىستەيدۇ.

## قارا كۈنلەر دوستىمەن

ياغسا يامغۇر، چىقسا بوران،
ئالەم بولسا ساڭا زىندان.
بولمىسا ھېچ يېنىڭدا بىر جان،
كۈتكىن مېنى يېنىڭدا مەن.

بارچە دوستۇڭ دۈشمەن بولسا،
پارا مۈلكۈڭ ھەم كۆل بولسا.
كۆز ياشلىرىڭ بىر سەل بولسا،
كۈتكىن مېنى يېنىڭدىمەن.

گۈزەل كۈندە دوستۇڭ جىقتۇر،
يېپەك كىيىم، قارنىڭ توقتۇر.
كەيپىڭ كەيىپ غېمىڭ يوقتۇر،
دېيەلمەيمەن يېنىڭدىمەن.

## قار لەيلىسى

نىلۇپەر دەپ ئاتىشىدۇ سۇ لەيلىسىنى،
باغ لەيلىسى باغ گۇللىرى سەركىسى.
قار ئېرىمەس يۇكسەك چوققىدا ئېچىلار،
قارلەيلىسى قارلىق تاغنىڭ سوۋغىسى.

ئۇنىڭ خۇشبۇي پۇرىغىنى شاماللار،
ئېلىپ كېتىدۇ يىپەك يولىدىن ئۇزاققا.
ئۇ سۆزلەيدۇ شاماللارغا زارىنى،
ئەۋلادلىرىم چۈشۈپ قالدى دەپ دوزاخقا.

ئۇ ئىستەيدۇ ئاسماندىكى يۇلتۇزدىن،
سۇ تېگىدە قۇندۇزلاردىن ياخشىلىق
ئىككى سۆپەر مېنىڭ ئىككى يېنىمدا
بەرمەيۋاتىدۇ ماڭا ھېچبىر ئامانلىق.

ئۇ تىلەيدۇ سويدىشىدىن، يانداشتىن
ئۇلۇغ ئاللاھتىن، ئىنسانلاردىن بىر ياردەم.
ئۇنىڭ پەرزەنتى ئىلىكنى شورىماقتا.
خىتاي دېگەن مەخلۇقاتلار ھەر قەدەم.

## سالام تۈركىيە

قارىغاي بىلەن گۈل يېپىنغان ئالتاي تېغىدىن،
مۇڭلۇق راۋاب جاراڭلىغان قەشقەر بېغىدىن.

سالام سىزگە باتۇرلارنىڭ يۇرتى تۈركىيە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سالام سىزگە گۈزەللەرنىڭ ئىرقى تۈركىيە.

يۇلغۇن چىچىكى ئېچىلىپ تۇرغان چەكسىز چۆللەردىن،
جۇپ ئاققۇلار ئۈزۈپ تۇرغان لەھەل كۆللەردىن.

تۈركىيە دەپ سوقۇپ تۇرغان مىليون يۈرەكتىن،
كۈمۈش ساقال بوۋايلاردىن ھەتتا بوۋاقتىن.

سېغىنىپ سالام شان ـ شەۋكەتلىك ئەزىز تۈركىيە،
يۈرىكىمنى گۈل دەستە بىل قىلاي ھەدىيە.

## ۋاپاسىزغا
(بىرسىنىڭ خاتىرە دەپتىرىدىن)

بۇندىن كېيىن مەن يوقمەن سېنىڭ "قاناتىڭدا"
سەن ھەم يوق ۋاپاسىز، مېنىڭ ھاياتىمدا.

سەن يوقسەن مېنىڭ قار ـ شۇۋرغانلىق كۈنلىرىمدە،
مەن يوقمەن سېنىڭ يېڭى كوچا، يېڭى باھار كۈنلىرىڭدە.

تاپساڭ مەندىن ياخشىسىنى ئۇنتۇپ قالۇرسەن،
تاپساڭ مەندىن ئەسكىسىنى ئەسكە ئالۇرسەن.

ئەقلىم دەردلىك يۈرىكىمنى تەسەللى ئېتەر،
بىر كۈن جانمۇ تەننى تاشلاپ تەرك ئېتىپ كېتەر.

## قولى يوق

بادام دوپپىلىق قاۋۇل بىر يىگىت
ئەمما ئىككى قولى يوق ئىدى.
كۆرگەنلا كىشى "ئى! قاۋۇل يىگىت
قوللىرىڭغا نېمە بولدى؟" دېدى.

قوللىرىم بار دېدى ئۇ يىگىت،
ئەمما مېنىڭ تېنىمدە ئەمەس.
بىرى ئورۇس، بىرى خىتاينىڭ
ياقىسىدا تۇرار دېدى بەس.

## ئاق ئەتىرگۈل

كەچمىشلەردىن قىرو قونغان چېچى سۈت رەڭگى،
بىر جۈپ ئاشىق بۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قېلىشتى.
گويا بىر جۈپ ئاققۇ نەپىس كۆللەردە ئۈزۈپ،
گويا بىر جۈپ ئاق ئەتىرگۈل پۇراق چېچىشتى.

ئىلگىرى بۇلار بۇ كوچىدىن چۈپ ئۆتكەن ئەمەس
يىگىت كەتكەن توي مەرىكىسىدە تۈرمە ئىچىگە.
شۇندىن بۇيان مەشۇقىنىڭ كۆتكەن تاڭلىرى
بەند بولغان قاپ ـ قاراڭغۇ زۇلمەت كېچىگە.

مەشۇقى ئۆتكەن بۇ كوچىدىن زاغرا غاجىلاپ،
ئاق توقاچنى تۈرمىدىكى يارىغا تۇگۈپ.
شۇ كوچىدا تۈزىسىمۇ ئۇنىڭ ياشلىق غۇنچىسى
شۇ كوچىدا ئىگەلىمىدى جوت قەددىنى پۈكۈپ.

مەشۇقى ئۆتكەن بۇ كوچىدىن سازايى بولۇپ
يۈرىكىگە لەختە - لەختە قان زەرداب تولۇپ.
باشتا قالپاق، يۈزىدە رەڭ، بويىنىدا تاختاي
مۆتىھەملەر چاچلىرىنى تۇراتتى يۇلۇپ.

گۇناھى يوق ئۇنىڭ پەقەت ھۆر، ھەقىقەتنى -
سۆيگۈچىنى يۈرىكىدىن سۆيگەندىن بىلەك.
ئاھ! ئۇ كۈنلەر چۈشسە ئەسكە كۆزدىن ئاقار ياش،
پۈتمەس - ئۆچمەس دەر غەزەپتە پارتلايدۇ يۈرەك...

كەچمىشلەردىن قىرو قونغان چىچى سۈت رەڭگى،
بىر جۈپ ئاشىق بۇ كوچىدىن ئۆتۈپ قىلىشتى.
گويا بىر جۈپ ئاشىق نەپىس كۆللەردە ئۈزۈپ،
گويا بىر جۈپ ئاق ئەتىرگۈل پۈراق چېچىشتى.

1984 - يىل ئۈرۈمچى

## قىساس

ئۆزىنىڭ يۈزىنى يېپىپتۇ يىزا،
باھارنىڭ گۈللۈك ياغلىقى بىلەن.
كەلدى بىر يىل يۈرتتىن ئايرىلغان
بىر قىرى يىگىت ناخشىسى بىلەن

"سالام ئەل - يۈرتۈم، ئانا دىيارىم،
ئەزىمەت تاغلار دىلدىكى يارىم.
سالام يۈرەكلەر ئۆچمەس يالقۇنى،
سالام يۈرتۈمغا قونغان باھارىم.

قىلدىم تەقەززا، يىگىرمە باھار،
كەچۈرگىن جانان،
كەلدىم قېشىڭغا
سېغىنىش ئاسمىنىدا چاقنىغان ئايدىن،
ئالتۇن تاغاقلار تاقاي بېشىڭغا.

كۆرسەتكىن دىدار ئاھۇ كۆز جانان،
ۋاپادارلىقتىن گۈلدەستە سۇنۇپ.
ۋەدىلىرىمىزنى قەلبىم مەرمىرىگە،
چېكىۋالغانمەن نەقىش قىپ ئويۇپ.

ھەققانىيەتنى قىزىل گۈل بىلگەچ
ئىشقىمىز بۇلبۇل كۆيەتتى ئاڭا.
ياۋلار قەپەسكە بەند قىلدى سېنى
ئازاب ئوقياسى قادالدى ساڭا.

تاھىر - زۆھرەمۇ، غېرىب - سەنەممۇ
بىزدەك يىگىرمە يىل كۆرمىگەن ھىجران.
ھىجران ئوتىدا تاۋلاندى يۈرەك
تاۋلاندى بېغىر - تاۋلاندى ۋىجدان.

يىگىت ئالدىغا چىقتى بارچىسى
ھەتتا قوچاقلار يۇرتىنىڭ شاملى.
ئاقۋاش خانتەڭرى سۈكۈت ئىلكىدە،
دوستلىرى كۆزىدە ياشلارنىڭ سېلى.

يىگىتنىڭ جانان ئىزدىگەن كۆزى،
چۈشتى قەبرىنىڭ تېشىدىكى خەتكە.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

يىقىلدى يىگىت ھوشىدىن بىگانە
ئاھ! قانداق چىداپ بولار بۇ دەردكە ؟!

قەبرە تېشىدا مۇنداق خەتلەر بار:
"ۋاپانىڭ كۆكىدە چاقنىغان چولپان
تۇرمىدىكى يىگىتنى 15 يىل ساقلاپ،
سۆيگەچ ھەقىقەت بولدى ئۇ قۇربان.

ئاتتى جاللاتلار مەسۇم گۈزەلنى،
تىلىنى كېسىپ سازايى قىلىپ.
ئۇنىڭ كۆزىدە ئالەمچە مەنە،
بىلسە دەريامۇ كېتەر ئوت ئېلىپ ".

غەزىبىنى قىلىچ غەيرەتنى ئات قىپ
ئاتلاندى يىگىت جەڭگە ـ سەپەرگە.
ئورىماقچى ئۇ،
قىزنىڭ،
يۇرتنىڭ
ئارزۇ ئىستىگىنى نۇرلۇق زەپەرگە.

## پارچىلار

تامچە ـ تامچە سۇ يىغىلىپ كۆللەر تولۇر،
دانە ـ دانە قۇم يىغىلىپ بارخان بولۇر.
مىنۇت ـ مىنۇت ئۆتسە بوشقا ئۆمۈر چەكلىك ـ
ھاياتىڭدىن ئەلگە نېمە تۆھپە قالۇر.

بارمىكىن تاڭ ئۆمۈر توسار بىرەر قالقان

ئۇمۇ ئىجاد بولدى دېسەم بولۇر يالغان.
چەكسىز ئىشلار قىلالايدۇ چەكلىك ياشاپ،
مىنۇتلارغا كېلىشتۇرۇپ يۈگەن سالغان.

## رەسسام ئاكا، سىزىپ بەر

(ئۈرۈمچىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغقا باندىت شىڭشىسەي ئۆڭكۈر قازدۇرۇپ قانچە مىڭلىغان ئىستىقلالچىلارنى، بايلارنى تىرىك كۆمگەن...)

ئېگىزلىكى ئىككى مېتىردىن ئاشمايدىغان،
كۆز يوق ئۇنى كۆرۈپ يېشى تاشمايدىغان
تاغ تېگىدە قاپ ـ قاراڭغۇ بىر ئۆڭكۈر بار
كەڭلىكىمۇ بىر غۇلاچقا تولمايدىغان.

ئالتە مىڭ گەز بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئۇزۇنلۇقى،
شىڭشىسەينىڭ بۇ زىندانى ـ شۇم دوزىخى.
رەسسام ئاكا بۇ ئۆڭكۈرنى سىزىپ بەرگىن،
ھەر يۈرەكتە قالغان ئۇنىڭ قانلىق دېغى.

تۈركىستانىنىڭ بېشىغا ماتەم كەلتۈرۈشكە
كۈرمىڭلىغان ئىسيانكارنى ئۆلتۈرۈشكە
بۇ "ئۆڭكۈر"نى ياساتقان ياۋ پىلان بىلەن
ئىستىقلالنىڭ يالقۇنىنى ئۆچۈرۈشكە.

بۇ ئۆڭكۈرنىڭ ھەر يېقىغا قاتار قىلىپ،
ئادەملەرنىڭ تەقلىتىدە ئويغان قېلىپ.
شۇ قېلىپقا سېلىنغانتى باتۇر بوۋام

تامىغىغا تاختاي تىرەپ مىخ قىقىلىپ.

رەسسام ئاكا، سىزىپ بەرگىن شۇ ئۆڭكۈردە
تىرىك كۆمۈلگەن مىڭلاپ باتۇر ۋەسىيىتىنى.
سىزىپ بەرگىن "كونا" "يېڭى" "قارا" "قىزىل"
"شىڭشىسەي"نىڭ بىزگە قىلغان شۇم قەستىنى.

سىزغىن ئاكا، تىرىك كۆمۈلگەن باھادىرنىڭ -
غەزەپ چاقمىقى چېقىپ تۇرغان كۆزىنى سىز.
چىشى كۇرەك، كۆزى پىشت، يۈزى كوسا -
خىتاي جاللات مەخلۇقىنىڭ كىر يۈزىنى سىز.

سىزغىن باتۇر بوۋامغا ئۆزىنىڭ تىنىدىن تار -
بىر گۆرلۈكنى ئاتا قىلغان كەڭ دۇنيانى.
سىزغىن غەلىبە ئاخىر بىزگە يارلىقىنى
بولسىمۇ گەر قۇمدىنمۇ كۆپ خىتاي سانى.

1983 - يىل ئۈرۈمچى

## تونىدى

تونىدى چىننى جاھان قان رەڭلىك جىننى تونىدى،
پەرىزات ماسكىسى تاققان، ئالۋاستى جىننى تونىدى.
ئەتىر قۇتىسى ئىچىدىكى سېسىق ھىننى تونىدى،
يۈزىدە كۈلكە، قولىدا شاراپ قەلبىدە كىننى تونىدى،
تونىمىغانلار ئاخىرى ھەسرەت ئەمدى مىڭنى تونىدى.

ئاغزىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تەڭرى تېغىنى چاينىغان،
بوغازىدا جۇمالانما مەيدىسىدە مانجۇ قاينىغان.

قوللۇقنىڭ زەنجىرىگە ئىشقى ـ مۇھەببەت باغلىغان،
يوقسۇللۇق زىخى ئىلە مەسۇم يۈرەكنى داغلىغان،
ژىنى يامان ئەجدىھا جىنىنى جاھان تونىدى،
ۋەسلى چايان ئەجدىھا جىنىنى جاھان تونىدى.

ئۆزى سوقۇپ سەددىچىنىنى ئۆزىگە غەربى تام قىلغان،
ھالقىپ چىقىپ سېپىلىدىن قوشنىسىنى يۇتۇپ ھام قىلغان.
ھۆرلۈك ئۈچۈن چىرپانغاننىڭ ئىلىك كېمىكىنى شام قىلغان
ئايدىنلارنىڭ باش سۆڭىكىنى سۇ ئىچىشتە جام قىلغان،
كۆز ياش ئۈستىدە قايماق چىنىنى جاھان تونىدى،
قاندىن ئىپ يېگەن قايماق چىنىنى جاھان تونىدى.

ئالتاينىڭ ئالتۇنىغا سالجى كىبى يېپىشقان،
قوشنىسىنى قوزۇ گۆشى بىلىپ، ئاچ ئىتلاردەك چىپىشقان.
ھۆرلۈكنىڭ مەشئەلىدىن شەپەرەڭدەك قېچىشقان،
دالايغا بەرسە نوبېل ئىچى خويمۇ ئېچىشقان،
مەن ئادالەت دۈشمىنى چىنىنى جاھان تونىدى،
مەربىپەتنىڭ ئۆچمىنى چىنىنى جاھان تونىدى.

سانى سانسىز، تامبىلى ئاغسىز، ئەينى مىكروب كۆپەيگەن،
كۆرسە مەريەم ئانا ھەيكىلى كۆيى تىكەن ھۆرپەيگەن،
قىيامەتنىڭ مۆشۈكىدەك ھەقىقەتكە شۈمشەيگەن،
"مال ئىگىسىدىن ئوغرىسى كۆچلۈك" بولىۋالغان چەكچەيگەن،
گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتقان چىنىنى جاھان تونىدى،
ئىنسانلىققا قورۇلغان قاپقان جىنىنى جاھان تونىدى.

•

يەتمىش رەڭلىك سۆڭۈكۈڭ مايمۇننى جاھان تونىدى،
ئىنسانلىق يۈز قارىسى سەپكۈننى جاھان تونىدى.

خىتاي سىلى ئاپتى كەلگۈننى جاھان تونىدى،
ھۆرلۈك ئۈچۈن ۋارقىرىغان بىر ئۈننى جاھان تونىدى،
خىتاينى سۈپۈرۈش ئۈچۈن ئۇيغۇر، زاگرۇ بىغىدىن،
دۇنيا خەلقى ئۇيۇشۇپ يىقىن بىر كۈننى تونىدى.

## ئىككى پاي ئوق

ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە بەتلەپ ـ
تۇرغان ئىككى پاي ئوقنىڭ پولىغا
ئىككى نان ئالساق ئافرىقىدىكى
ئاچتىن سەكراتتا ياتقان ئىككى بوۋاق
ناننى يەپ يۈرسە ھاياتلىق ھولىغا

ئىككى مۇسۇلمان بىر ـ بىرىگە بەتلەپ،
تەگلەپ تۇرغان ئىككى پاي ئوقنى.
بىر ـ بىرىگە ئەمەس بىر ياۋۇز ياۋغا
ئاۋايلاپ ئاتسا، قۇتۇلدۇرسىدى
شۇ ياۋ بولغىماق بولغان بوۋاقنى.

مۇسۇلمان بوۋىقى، مۇسۇلمان قىزى
دۈشمەن تاپىنىدىن قۇتۇلغان بولسا.
ھايات شەربىتى ئاچ مۇسۇلمانلار
چاڭقاق لىۋىگە تېتىلغان بولسا
خانتەگرى ئوغلى زەنجىرنى ئۈزۈپ،
ئىنسان قاتارىغا قېتىلغان بولسا.

1987 ـ يىل ئىستانبۇل

## ئارمان چېچىكى

چېچەكنىڭ ئىچىدە بولىدۇ چېچەك،
ئارماننىڭ ئىچىدە بولىدۇ ئارمان.
بەزىلەر ئارمىنى بورۇن ئاستىدا
بەزىلەر ئارمىنى كۆكلەردە چولپان.

ئەسىرلەپ بىر ئارمان يۈرەكتە بولغان،
ئاتىلار چېپىلسا بالىغا قالغان.
شۇ ئارمان يولىدا ھەتتا جىمجىت تاغ
ئاتىدۇ كۆكلەرگە دەھشەتلىك ۋولقان.

يۈرەكتىن بەرق ئۇرغان ئارمان چېچىكى
پەلەكنىڭ ئاتەشىدە ئۆرتىنىپ كەلگەن.
شۇ ئارمان يولىدا تۆكۈلگەن ياشتىن
دېڭىزلار بىنا بوپ ئۇزۇشكەن يەلگەن.

شۇ ئارمان يولىدا كەتكەن شېھىتلار
سۆڭىكى جەم بولسا پۈتەر نەچچە تاغ.
قانلىق جەڭ سىگنالى ئېتىدۇ تىنماي
كېلىدۇ بىز كۈتكەن ھۆر ئازادلىق چاغ.

تاغلارنى قوچاقلاپ چۆلنى باخاشلاپ،
نى مەردلەر جان ئۈزگەن ئوچۇق كۆزلىرى.
ئىگىسى تاپالمىغان ئېسىل غەزنىدەك
قەلبىدە كەتكەنتى مەردان سۆزلەرنى.

مۇزداۋان يولىدىن يۈرگەندە نۆزۈك

قار بولۇپ ياغدىڭسەن ئارمان چېچەكى.
ئۆزى ئەمەي ئانا سۈتىدە سۇغاردى سېنى
سادىرنىڭ بوۋىقى تىلى چۆچەكى.

ئېھ! ئارمان چېچەكى مومىلىرىمىز
كىرپىكىنى ئوتۇغۇچ قىپ ئاسرىغان سېنى.
مەھمۇتنىڭ چەۋرىسى ئاچ سىرىن يېتىم
تونىدە دەر "ئەي چېچەك مېۋىلىرىڭ قېنى؟!"

خىجىللىق ئىلكىدە بېشىڭنى ئېگىپ
قان ياشلار سىلىدە ئاقتىڭغۇ لەيلەپ.
زالىملار كۆتۈرۈپ قىلىچ ۋە پالتا
كولايدۇ تۈۋىڭنى يىلتىزىڭ قەستلەپ.

دۈشمەنلەر قەستىگە ئېچىلغىن جېنىم،
ساڭا كەلسە ئوت بوران سۇمۇرۇپ يۇتاي.
گەر رەسسام بولغىنىدا ھۆسنۈڭنى سىزماق
يۈرىكىمنى قىزىل سىيا قۇتىسى قىلىپ تۇتاي.

چېچەكنىڭ ئىچىدە بولىدۇ چېچەك،
ئارماننىڭ ئىچىدە بولىدۇ ئارمان.
بەزىلەر ئارمىنى بۇرۇن ئاستىدا،
بەزىلەر ئارمىنى كۆكلەردە چولپان.

1980 ـ يىل قەشقەر

## قويما بالام دوپپاڭنى ئوڭدا

بۇ دوپپىنى تۇنلىرى ئاناڭ
ئۇيقۇسىدىن ۋاز كېچىپ تىككەن.
دوپپىدىكى ھەر گۈل ھۆسنىگە،
دىل رىشتىنى يىپ قىلىپ چەككەن.

ئېلىپ كەتتى ئاشۇ مېھرىبان -
ئۆز ئاناڭنى ۋاقىتسىز ئۆلۈم.
ئاتاڭ كۆڭلى بۆلۈنگەن بۇرۇن...
پاناسىزلىق سەن ئۈچۈن زۇلۇم.

سەن يۈكۈنۈپ كۆك مۇز ئۈستىگە،
يەرگە قويدۇڭ دوپپاڭنى ئوڭدا.
ئاچتىڭ ئالىقان تىلەپ پارچە نان،
چەۋرەڭدە لۈكچەك بوپ قالدى پەيدا.

كۆككە قارىتىپ ئاچقان قولۇڭغا،
تاشلايدۇ كۆك قار بىلەن يامغۇر.
كېچىلىرى ئۆگزىدە پاخال
تارتىپ تۇرىدۇ شىۋىرىغان قۇرغۇر

قويما بالام دوپپاڭنى ئوڭدا،
يېتىملار مەكتىپى ئاچاي ئۆيۈمدە.
ئىشتىن چارچاپ كېلىپ دوپپاڭنىڭ
ئۈلگىسىنى ئالارلار چىقار كۆيۈمدە...

1981 - يىل ئۈرۈمچى

## تامچە يېشىم

ئاسان ئەمەس يۈرەك قېتىدىن،
ئوخچىغان ياشنى توختىتىپ ئالماق.
ئاسان ئەمەس يۈرەكتە ماتەم
بارماقتا توي سازىنى چالماق.

گۆشتىن ئۆتۈپ سۆڭەكلىرىمگە
ياتقاندىمۇ ياۋنىڭ خەنجىرى.
35 يىل زەي بىر زىنداندا
چىرىمىسىمۇ ياۋنىڭ زەنجىرى.

ياۋ ئالدىدا تۆكمەي يېشىمنى
ئى ئاق دېڭىز ئەپكەلدىم ساڭا.
ئاچچىق يېشىم بولسۇن بىر قەترەڭ
يېشىم تۆكەي رۇخسەت قىل ماڭا.

دولقۇنىڭغا قوشۇلۇپ يېشىم
گۆكىرىسۇن زۇلۇمغا قارشى.
دولقۇنىڭدىن ئاڭلانسۇن ماڭا
مۇستەقىللىق ھۆرلۈكنىڭ مارشى.

1985 ـ يىل ئىستانبۇل

## سالام ئېيتتى (سالام ئەكەلدىم)

يۈلغۈن چېچىكى ئېچىلىپ تورغان تەكلىماكاندىن،
ئاھۇ كۆزلۈك بۇلاقلاردىن تەكتىماكاندىن.

قار لەيلىسى ئەتىر چاشقان مۇز تاغ بېشىدىن،
كۆز ياشلىرى دەريا ـ دەريا ئانام قېشىدىن.

مىليون ئىنسان سالامىنى ئېلىپ كەلدىم ساڭا،
قېرىنداشلىق قۇچاغىڭنى كەڭ ئاچتىڭ ماڭا.

تەڭرى تېغىدىن ئاغرى تېغىغا سالام ئەكەلدىم،
"مەيلىڭ بارمۇ، مەيلىڭ يوقمۇ كۆرەي دەپ كەلدىم".

## بەزەن

بەزەن شۇڭقار يەردە يۈرىدۇ،
توخۇ ئۈنىڭدىن ئېگىز ئۇچىدۇ.
قارغا قۇزغۇن بەزەن غەزەلخان،
بۇلبۇلنىڭ بەزەن ئۈنى ئۆچىدۇ.

قۇياشنىڭكى يۈزىنى بەزەن،
قارا بۇلۇت قاپلاپ ئالىدۇ.
خاتالىقىڭنى تۈزەتسەڭ ئەگەر،
بۇلۇت كەينىدىن قۇياش چىققاندەك
خەلق كۆرىدۇ، خەلق بىلىدۇ.

## كىيىك ياتمىدى

مەيلى ئىنسان، مەيلى تەشكىلات،
مەيلى ھۆكۈمەت، مەيلى پارتىيە.
تونالمايدىكەن دوست ـ دۈشمەننى
دېمەككى بۇ ئىش،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ قارار مۇشكۈلات.

ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتمىدى،
دوستلار بىزنى سىراغا قاتمىدى.
ياكى چاقىرسا ئۇقماي قالدىمۇ
قۇلاقلىرىم ئۇقەدەر گاسمىدى؟

ھۆر ئۆلكىدىمۇ خائىن يەكلىدى،
"مىللەتچى بۇ" دەپ قاچتى چەكلىدى.
دۈشمەن قىلمىشىغا كۈنۈپ قالغانتۇق،
دوستلار قىلمىشىغا يۈرەك سەكرىدى.

"ياتنىڭ ياندىن، تۇغقاننىڭ جاندىن، -
ئۆتىدۇ "
دېگەن بەكمۇ راست ئىكەن.
يېقىنىم دەپ كۆككە كۆتۈرگەنلىرىم
ئۇلارمۇ ئىنسان نۇقسان خاس ئىكەن.

ئەينى ئىنساننى ئۇستاز تۇتۇپتۇق،
دېيىشىپ بىللە ياش تۆكمىدۇقمۇ؟
ئەينى پىكىردىن ياساپ نەشتەرلەر
دۈشمەن قارنىنى بىز سۆكمىدۇقمۇ؟

20 يىل يۈزنى كۆرمەي سەرگەردان،
بىلمەپتىكەنمەن يېتىم يېسىرلىق.
دوستلار چەكلىدى سەزدىم ئۆزۈمنى،
ئېگىز بىر دارغا گالدىن ئېسىقلىق.

تېپىرلاپ تۇرغان ئاياغلىرىم مېنىڭ،
باسماق ئۇچۇن تۇپراق ئىستەيدۇ.
لەت يېمەس كۆڭلۈم، مۇستەقىل ۋەتەن،
ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق ئىستەيدۇ.
2004 ـ يىل ئىستانبۇل

## ئۇچ تەرەپتىن ئۇرۇلدۇم (ئېتىلدىم)

ياردىن، دوستتىن، ۋەھشىي دۇشمەندىن،
ئۇچ تەرەپتىن ئۇرۇلدۇم بىردىن.
ئامما ئۆلمىگەن جاندا ئۇمىد بار،
ئۆلتۈرمىگەن دەرد كۈچ بېرەر تىزدىن.

ماڭا دوستلۇق قولىنى ئۇزىتار،
بوراندا قالغان يالغۇز دەرەخلەر.
ماڭا تەسەللى ھەم ئەقىل بېرەر،
ھەر كېچىنى يۇغان ساباھلار.

## كارۋان

سەن كارۋانسەن ھاياتىڭ بويى،
سەن يۈرۈرسەن، كۆپەكلەر ھۈرۈر.
ياخشىلىق قىل، دەرياغا تاشلا،
خەلق بىلمىسە بېلىقلار بىلۇر.

## سۈلـمايلى ئۆنى قەپەسكە

تۇمۇر قەپەستە كۆكسىنى ھەريان،
ئۇرغان شىرغا ئىچىندىم دوستلا.
سولاپ قويمايلى ئۇنى قەپەسكە
ئۇ تاغلاردا يايلىسۇن دوستلار.

ئىگىز تاغلار پادىشاھى ئۇ،
ئەركىن ياشاش ئۇنىڭ ھەم ھەققى.
يۇمران كىچىك بالىلىرى باردۇر،
ئۇيقۇسىز ئۇلار كۈتمەكتە بەلكى.

سۈلـمايلى ئۇنى قەپەسكە،
زۇمرەت چىمەندە ئۇ ئويناقلىسۇن.
بىزلەر ئۇچۇن دۇئاسىنى ئېتىپ،
ئۆز تۇپراقىدا ئۇ راھەتلىنسۇن.

## ئۇيغۇر

ۋەتەن ئۇچۇن ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ئۇيغۇر،
تىرىلىپ ھەريان قانىتىدىن قايرىلغان ئۇيغۇر.
بىرلىشەيلى بايراقىمىز يېنىدا ھەممىمىز، بارىمىز،
ۋەتەن قۇتقۇزۇش يولىدا پىدا جانۇ ـ مالىمىز.
قول بولمىغان باتۇرلاردىن ئاتا ـ بوۋىمىز،
ئالتۇن پىترول مەدەنگە باي تاغ ـ تۇپراقىمىز.

بۇ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشقا تەييار ھەممىمىز،
ئىنسانى ھەق ھوقۇقىمىز،
ھوشيار قەلبىمىز.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يالغۇز، يالغۇز كېزىۋاتىسەن

يالغۇز، يالغۇز كېزىۋاتىسەن،
كۆڭلۈڭدىكى يار يوقمۇ؟
يالغۇزلۇقتا سېنى ئىتتەرگەن،
ئەسكى تەككەن بىر ئوقمۇ؟

يالغۇز، يالغۇز كىزىۋاتىسەن،
بىر يالغۇز قۇش ئۇچۇۋاتىسەن.
خىيالىڭدا كۆك يۈزىگە،
گۈزەل كېلەچەك سىزىۋاتىسەن.
ئۇچا ـ ئۇچا بىر ئوۋچىنىڭ
يۈرىكىگە چۈشۈۋاتىسەن)

## ئوكيانۇستىن يار كەلدى

بۇلۇتلاردىن قار كەلدى،
ئوكيانۇستىن يار كەلدى.
خۇشاللىقتىن كۆككە ئۇچتۇم،
ماڭا جاھان تار كەلدى.

ئوكيانۇستىن يار كەلدى،
پىنجانلاردا چاي كەلدى.
مېنىڭ قاراڭغۇ كۆڭلۈمگە،
قۇياش كەلدى، ئاي كەلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

## ئەسلا

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار،
ئۆتەلمەيمەن ئەسلا.
ئۆز يۇرتۇم ئۇزاقلاردا،
كېتەلمەيمەن ئەسلا.

قاناتىم يوق ئېگىزلەرگە
ئۇچالمايمەن ئەسلا.
يۇرتۇمنى ئۆمۈر بويى
قۇچالمايمەن دوستلا.

ئاياغىمغا تاش قويۇپ،
كۆرەلمەيمەن دوستلا.
تۇغۇلغان تۇپراقلارنى،
سۆيەلمەيمەن دوستلار.

## ئۆمۈر قىسقا

ئۆمۈر قىسقا، جان ئامانەت ئالغىلى كېلىدۇ،
ساباھ ئاخشام،
يا كېچىدە قونغىلى كېلىدۇ،
ئۇ ئانغا قەدەر ئەلگە تۆھپە بىر ئىش قىلايلى،
خەير ـ ساخاۋەت باغچىسىدا مۇقام چالايلى.

ئۆمۈر قىسقا جان ئامانەت ئالغىلى كېلىدۇ،
ئۇ دۇنيانىڭ مىزگانىسىنى چالغىلى كېلىدۇ.

ئۇ ئانغا قەدەر ۋەتىنىمىزگە گۈللەر چاچايلى،
ۋەتەن قۇتقۇزۇش يولىغا پىدا جاننى ئاتايلى.

## تىڭشاۋاتىمەن

تۇغۇلغان تۇپراقلىرىمغا قولۇقۇمنى يېقىپ،
تىڭشاۋاتىمەن ئاجايىپ ھېكمەت.
تىڭشاۋاتىمەن مىليون ئەجدادىنىڭ، -
يۈرەك سۆزى،
ئاجايىپ سۆھبەت:

- ئاللاھ بەرگەن ئەقلىڭىزنى ئىشلىتىڭ،
يېڭى پەلسەپە دۇلدۇلىنى كىشنىتىڭ.
ئىزدەۋېرىڭ، يېڭى يوللار ئاچقۇچلار...
بىر نىيەتتە دۈشمەننى يەر چىشلىتىڭ.

يەر تېگىدىن ئۆلۈكىنى ساتقان،
بىر خائىنىنىڭ يىغىسى تۇيۇلدى.
پۇشمانلىقتىن بېشىنى تاشقا
ئۇرۇۋاتقان ئاۋاز تۇيۇلدى:

"نەپسىم ئۈچۈن ۋەتىنىمنى دۈشمەنگە ساتتىم،
كۆيۈۋاتىمەن،
جەھەننەمدە،
يىرىڭ ئىچىدە،
مەندەك بولمىسۇن ھېچكىم،
ئىبرەت ئال ئالەم -
پۇشمانلىقنىڭ ئىچىدىمەن
جەھەننەم ئىچىدە... "

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## سىڭلىم

دەردىمىز بىر ئاھ! سىڭلىم،
دەرمان باشقىمۇ؟
ئەلنى يۇرتنى قۇتقۇزماق،
ئارمان باشقىمۇ؟

نىيەت بىر ئىكەن نېمە ئۈچۈن
بىرلىك بولمايلى.
مەقسەت بىر ئىكەن نېمە ئۈچۈن
بىرلىك بولمايلى.

ھەتتا كۆپلىگەن ئىتلارنىڭ،
قۇيرىقى ئۆرە.
بىرلىك بولساق باشلار تىنىڭ
ئۆزىمىزگە كۆرە.

ئوتتۇز مىليون بىر بولساق،
خىتاي يۇتالماس.
بەختىمىزنى قىمار قىلىپ،
ئەسلا ئۇتالماس.

## ئۇ دۇنياغا

ئۇ دۇنياغا ئەكىتەلمەيسەن پايپاقلىرىڭنى،
ئەكىتەرسەن، گۈزەل ئەخلاق ساۋابلىرىڭنى.

كور ئىنسانغا ئۆزلۈكۈڭدىن ياردەممۇ ئەتتىڭ،

يېتىم، ئاجىز پەريادىغا ھالىغا يەتتىڭ.

ئۆز نەپسىڭنى تىزگىنلىدىڭ، يېتىمگە يېدۈردۈڭ،
ئۆزۈڭ كىيدىڭ ئەسكى چاپان، يېتىمگە كىيدۈردۈڭ.

كۆچۈڭ يەتتى، يېتىمخانە، دارىلئاجىز ئاچتىڭ،
ئەيشى ـ ئىشرەت، داغباز چىلىق ئىشلەردىن قاچتىڭ.

كۆچۈڭ يەتمىدى كۆل مۆشۈكنىڭ بېشىنى سىلىدىڭ،
پاكىزلىدىڭ جامى، مەسجىد ئەخلىتىنى توشىدىڭ.

توغرا سۆزلەپ بېشىڭ كەتسە، "دوپپامدۇر" دېدىڭ،
چىقتى بەزەن "ئەخمەق" "بوزەك""ياۋاش" قا ئېتىڭ.

ئاخىرەتتە جەننەت بېغىدىن يېرىڭنى ئالدىڭ،
قەلبىمىزگە گۈزەل ئەخلاق ئۇرۇقىنى سالدىڭ.

## ئال بىبەگىم ساڭا ئويۇنچاق

ئالدىم بىبەگىم ساڭا ئويۇنچاق،
ھەق ئادالەت تارازىسى.
داداڭ ئۆلىدۇ ھەقسىزلىقتىن،
مەن ئادالەت مەستانىسى.

بىز قورۇلدۇق ھەقسىزلىقتىن،
بىز سورۇلدۇق ھەقسىزلىقتىن.
بىزدەك بولمىسۇن ھېچكىم
ئەلنى ساقلا ھەقسىزلىقتىن.

ساختىكارنىڭ، تۆلكىلەرنىڭ
شاھىن بولۇپ كۆزىدىن ئال.
زەھەر بىلگىن ئەگەر ساڭا
ساختىكارلار ئۆزاتسا بال.

ئال بىبەگىم ساڭا ئويۇنچاق،
ھەق ئادالەت تارازىسىنى.
توغرا تۇتۇلغان تارازا بىلەن ئۆت،
ھايات ئىمتىھان ـ سىرات كۆۋرۈكىنى.
2006 ـ يىل 5 ـ ئاي 19 ـ كۈن

## ئۆز تۇپراق

ئەڭ يېقىن جانانىمنى تۇپراققا قويغان كۈن
چۈشەندىم ئۆز تۇپراق مۇھىمدۇر نەدىن؟
ۋەتەننىڭ تۇپراقىنى قىممەتلىك قىلغان، ـ
ئەمەستۇر پەقەتلا پىترول، ئالتۇن، مەدەن.

بۇ مېنىڭ ۋەتىنىم، ئۆز تۇپراقىم بولسا،
ئاستىدا تىرىليون ئەجدادىم ياتار.
تۇپراقىنىڭ ئاستىدىن ئۆلارنىڭ ناخشىسى، ـ
پىكىرلىرى،
چېچەك بولۇپ سۇنۇلار ھەر باھار.

## تولۇنئاي

ئەبەدىيەن ئۇيقۇغا كەتتى تولۇنئاي،
ئىمانىنىڭ نۇرىدا پارلار تولۇنئاي.

هاياتتىن هادى، كۆچى قالىدى،
يەنىلا تەبەسسۇم يۈزىدە تولۇنئاي.

تولۇنئاي دېگىنىم مېنىڭ جان ئانام،
ئەبەدىيەن ئۇيقۇغا كەتتى جان ئانام.
بىرلىرىمىز ئىلگىرى، بىرلىرىمىز كېيىن،
كېتىدىغان ماكانغا كەتتى جان ئانام.

## ئۇ كىشى، تۈركىيە ئەمەس

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىككى دۈشمىنى باردى:
بىرى ستالىن، بىرى ماۋ زېدۇڭ.
بۇلار جېنىدا كاكىرىيالىمىغان:
"شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرى چىنىنىڭ"- دەپ.
مەسئۇت كاكىرىيالىدى جۈيلۈپ،
خىتاينىڭ گۈلىقەقەلىرى ئىچىلىپ كەتتى
ھەر كۈن ساباھتىن ئاخشامغا قەدەر
مەسئۇتنىڭ ئۈستۈن چىشىنىڭ ئۈستىگە
ئاستىن چىشلىرىنى چىشلىۋالغان تەلەتى...
سۆزلىرى.... تېلېۋىزىيوندا ـ ئېكراندا
ساتقىنلارغا قارىنىمىز توق ئىدى.
بىردە سەن چىقتىڭ
باباڭدىن قالغان شەخسى زېمىنىڭنى
بەرگىنە خىتايلارغا ـ خەنزۇغا.
ئىستەرسەڭ نەسلىڭنى قات
پاقا تىرىپ يەيدىغان خەنزۇلارغا،
ئۆزۈڭ كېتىپ ئېرىپ كەت،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا،

ژۈندىگە چۈشكەن بىر چاقماق قەندەك.
ئۇ سېنىڭ ۋىجدانىڭ شەخسى تەبىئىتىڭگە قالمىش.
ئامما سەن،
كىم بولىسەڭكى،
بىزنىڭ تۇپراقنى خىتايغا بەرگىلى قويتۇڭ.
قايسى قاپاق پادىشاھ تەختىدە ئولتۇرۇپ،
ئىككىنچى بىر ئۆلكىنىڭ زېمىنىنى،
ئۈچىنچى بىر ئۆلكىگە ساتالاپتۇ.
قايسى ئالجىغان ؟!
ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىمىز يوق گەرچە،
"يىقىلغاننىڭ دوستى يوق" دېرلەر،
قېرىندىشى ھەم يوقمىش،
ئەقەللىيسى،
راست گەپ قىلىدىغان گۇۋاھچىسى ھەم يوق.

ئاللاھ شاھىدىمىزدۇر
ئۇ تۇپراق بىزنىڭ.
بەندىلەرنىڭ شاھىتلىقىغا ئېھتىياجىمىز يوق.
تەڭرىتاغلىرى،
ئاق باش ئانام،
سەن يىغلىما،
بۇ كۈنلەردە كېتەر.
بەزى قېرىنداشلارنىڭ غەيريي قىلىقلىرىغا،
ئاتىلىرىمىزنىڭ سۆڭىكى سىزلاۋاتىدۇ.

ئەمما ئۇ سۆزنى قىلغان
قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تەمسىلچىسى ئەمەس.
مەسئوت يىلماز تۈركىيە ئەمەس.

تۈركىيە تۈركىيدۇر،
دۇنيا ـ دۇنيا بولۇپ،
ھېچبىر ئىنسان ئوغۇللىرىنىڭ قىلالمىغان ئىشىنى،
تۈركىيە قىلالىدى.
ئۈچ قىتئەدە ئىمپېراتورلۇق قۇرالىدى.
مىڭلاپ ـ مىڭلاپ ئوغلانلىرىنى شېھىت بەردى
باكودىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن
ئون مىڭلارچە ئانا يۈرىكىگە تاش باستى
جانىدىن ئەزىز ئوغۇللىرىنى،
قېرىنداشلىرى ئۈچۈن شېھىت بېرىپ.

تاشكەنت تاغلىرىنى قىزىل ياقۇتقا
چەۋىردى ئەنۋەر پاشالارنىڭ
ئېسىل قانلىرى.
يەتتە ياشتىن يەتمىشكىچە
تۈركىيەدىكى ھەر ئىنسان
قېرىنداشلىرى ئۈچۈن
دۈشمەنگە ئېتىلىشقا
تەييار تۇرغان يولۋاس!
بۇ يولۋاسلارنى نە ئۆلۈم
ھېچبىر نەرسە قورقۇتالماس!

## قۇرۇغان گۈل قۇرۇغان ئىنسان

خېنىم تەشتەكتە بىر گۈزەل گۈلنى،
ئازراق سۇ بەرمەي قۇرۇتۇپ قويۇپتۇ.
زامانى يوقمىش،
ئاش قىل، گىرىم قىل،

مېھمانغا ژۇگە، كۈنى ئۆتۈپتۇ.

دارىلئاجىزدا قېرى بىر ئادەم،
قورۇپ قالماقتا، يۈرەك، تال، بېغىرى،
ئەۋلادىنىڭ يولىغا قاراپ،
تۈگەپ كەتتى كۆزىنىڭ نۇرى.

"ئالو" دېگەن ئەۋلادى ئۈنى،
قۇرۇماقتا گۈلگە بېرىلگەن سۇ ئىدى.
بىر مەرھابا، ئىللىق تەبەسسۇم،
(سالام ئاتا، يابىر تەبەسسۇم)
ئۇنىڭ ئارزۇ تىلىكى شۇ ئىدى.

پەرزەنت ئاۋازى، پەقەت بىر "ئالو"
قۇرۇغان تومۇرىغا يوگۈرتەتتى قان.
ئۇنىڭ مۇبارەك يۈزىنى بىر كۆرمەك
قۇرۇغان ئىنسانغا كىرگۈزەتتى جان.

كۈن كېلىدۇ ئۇنىڭ ئەۋلادى،
قۇرۇغان دادىسىنىڭ يېرىدە بولىدۇ.
كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۈشمەن
قۇرۇغان كۆزگە ياش نەدىن كېلىدۇ؟!
2007 ـ يىل ئىستانبۇل

## ئىستانبۇل

رەڭدار گۈزەل تاۋۇس قۇشىسەن،
گەۋدەڭ دېڭىز،

ئىككى قانىتىڭ ئىككى قىتئەدە.
ماشىنىلار تاشپاقىدەك مۆلايىم يۈرۈر،
سەندە ياشىغانىنىڭ بورنى ھاۋادا.

## كىمنىڭ يۇرتىغا

كىمنىڭ يۇرتىغا زۇلمەتلىك كۆكتىن،
ھەر كۈن توختىماي مۆلدۈر ياغىدۇ
نە مۆلدۈركى ئۇ پاستىق سۆڭەكلىك
ئەڭ ئىپلاس مەخلۇق ختاي ياغىدۇ

ھەر كۈن توختىماي توققۇز ئەجدىھا
ئالتۇن پىترولىنى يالماپ ماڭىدۇ.
كىمكى سۆزلىسە بىر ئىغىز ھەق سۆز
مىڭىسىگە قوغۇشۇن چەللەپ ماڭىدۇ.

1985 - يىل ئىستانبۇل

## تاغ چوققىسىدا

سەن دېدىڭكى بولسا ئىرادە،
تىك چوقىدىن يوللار تاپىمىز.
مەن دېدىمكى ئانا ئەلگە بىز
ئەجرىمىزدىن گۈللەر ياپىمىز.

بىز يوگۇردۇق تاغنىڭ بېشىغا
سەن قوغلىدىڭ قاچتىم قاقاقلاپ.
سېنىڭ ئۈچۈن چوقىدىن ساڭگىلاپ
تاغ لەيلىسى ئۈزدۈم ئاۋايلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بولدۇم ھەيران، كۆرۈنمىدىڭسەن،
يالغۇز قالدىم تاغنىڭ بېشىدا.
يالغۇز قۇياش بەردى تەسەللى
بىراق چولپان بار ئاينىڭ قېشىدا.

شامال دېدى: كۈتلىگىن ئۈنى،
باشقا يارنى تاپتى ئۇ كەتتى.
ۋاپاسىزغا بېرىپسەن كۆڭۈل
باشقىسى بىلەن مۇراتقا يەتتى.

قىسمەتكە باق، دېدىم تولغاندىم،
مەن تاشلاندۇق بەندە بولدۇممۇ؟
نىدۇر مېنىڭ گۇناھىم تاغلار
گۇناھىم يارغا سادىق قالدىممۇ؟

كۆز ياشلىرىم قۇرام تاشلارنى
دومىلاتتى تاغدىن تۆۋەنگە.
نومۇس چايانى چاقتى بېتىمنى،
قايسى كۆز بىلەن باقىمەن ئەلگە.

شامال دېگەن يالغانچى ئىكەن،
كەلدى يارىم تاغنىڭ چوققىسىغا.
ئۆزى سويغان يولۋاس تېرىسىنى،
ئارتىۋاپتۇ مەردان دولىسىغا.

## سوۋغام

يۇلغۇن چېچىكى ئېچىلىپ تۇرغان تەكلىماكاندىن،

ئاھۇ كۆزلۈك بۇلاقلاردىن تەكتى ماكاندىن.

قارلەيلىسى ئېچىلىپ تۇرغان مۇز تاغ بېشىدىن،
كۆز ياشلىرى دەريا ـ دەريا ئانام قېشىدىن.

سېغىنىپ سالام ئېلىپ كەلدىم ئانا تولى ساڭا،
قېرىنداشلىق قۇچاغىڭنى ئاچتىڭ سەن ماڭا.

سوۋغام بىر سۆز ـ باھادىر ئەل مۇراتقا يەتكىن،
ئۆز ئۆزىگە خوجىلىقىنىڭ قەدرىگە يەتكىن.
1986 ـ يىل ئىستانبۇل

## ئاتوم بورانىدا قالدى

ئاتوم بورانىدا قالدى،
مېنىڭ گۈلۈستان باغلىرىم.
ئاتوم ئانەشىدە قالدى،
مېنىڭ ئالتۇنلۇق تاغلىرىم.

شۇ باغلاردا بالىلىقىم،
ئۆتكەن كېپىنەكلەر تۇتۇپ.
باستى قارا بوران دۈشمەن
قىنالدىم قان، زەرداب يۇتۇپ.

شۇ تاغلاردا بۈيۈك بوۋام،
يولۋاس بىلەن چېلىشقان.
"يىپەك يولى"دا تۈگمىگە
نەقىش قوڭغۇراق ئېسىشقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىكى ئادرېسى

مەتبەئە ھەم قەغەزنى
كەشىپ قىلغان چوڭ بوۋام.
شۇ بوۋامدىن ئۆگەنگەن،
سەددىچىن ئۇ قىلىن تام.

ئاتوم ئاتەشىدە قالدى،
بىلى مۈكچەيگەن جان ئانام.
تۇتىرۇق بولۇرمۇ نوكلىرىگە
مېنىڭ مەسۇمە شۇ بالام.

ئاتوم بورانىدا قالدى،
مىللىتىم، يارىم، باغرىم.
بىزدەك بولمىغاي ھېچكىم
پەلەكنى ئۆرتىگەن ئاھىم.

ھەر كۈنى مىڭ تولغىنىپ،
مىڭ كەررە ئۆلەر بولدۇم.
بولۇپ جاھان قەلەندەرى
يۇرتقا ھايات تىلەر بولدۇم.

1986 ـ يىل ئىستانبۇل

## مىسقال تۆمۈر

"سوغا سالسا سۇ كۆتۈرمەس مىسقال تۆمۈرنى،
ئالتۇن بىرىپ ئىلىپ بولماس قالغان كۆڭۈلنى."

تۇلكە بولۇپ مۇھەببەتنىمۇ چىللىغان ئۆزۈڭ،
بۆرە بولۇپ نەپرەتنىمۇ ھوۋلىغان ئۆزۈڭ.

"ئۆي تۇتمىساڭ ئۆلىمۇۋالىمەن" دەپ سىرتماق قۇردۇڭ،
تەلۋىلەرچە باش كۆزۈڭنى تاشلارغا ئۇردۇڭ.

ئۆي تۇتقاندا ئەسلى ماھىيىتىڭ ئېچىلىپ كەتتى،
كۆڭلۈڭ تومۇر ئارىدىكى قىغدەك چېچىلىپ كەتتى.

ئۆزۈڭ ئارزۇلاپ قۇرغان شۇ ئۆي ئىشكەل بىلىندى،
ئۇماق پەرزەنت بالىلىرىڭ پېشكەل بىلىندى.

بىردىن چاپقاق مۈشۈك بولدۇڭ كۆزۈڭ تالادا،
ساڭا يېقىن يولىغانلار قالدى بالادا.

غەرق مەست بولۇپ ساما سالماق ئادىتىڭ بولدى،
ئەتراپىڭغا تاماشاچى جامائەت تولدى.

ئىزا نېمە؟ نومۇس نېمە ئۇنتۇپلا كەتتىڭ،
بەخت ئىشىكىڭنى كىرلىشىپ كەتكەن قولۇڭدا ئەتتىڭ.

بەلكى مېنى تاشلىدى دەپ مەندىن زارلارسەن،
بەزەن ئۇنى تاشلىدىم دەپ كىرىلىپ قاغارسەن.

## ئۆملەيدۇ 17 ياشلىق

يەتتە يېشىدا كەتمەن تۇتقان تېرىقچى بالا
ئون يەتتىگە كەلگىنىدە گۆركاۋ بوپ قالدى.
مەھەللىنىڭ ئەڭ قاۋۇلى پالۋىنى ئىدى ئۇ،
ئاچتىن ئۆلگەن ئۆلۈكلەرنى ئۇزىتىپ قالدى.

مىڭلارچە ئۆلۈك تولغان مەھەللە شۇ يالغۇز ئوغۇل
ئۆمىلەيدۇ تۆت پۇتلۇق بوپ دان يوق، ماغدۇر يوق.

تاغدەك ـ تاغدەك ئاشلىق بېسىپ پىكىنىگە ماڭغان
پويىز ئۇنى گويا ئۇنىڭ قولىغىغا تەگكەن ئوق.
61 ـ يىلى ئاقسۇ باي

## رۇبائىيلار ۋە پارچىلار

ھايات قىسقا، ئىنسان قەلبىنى قىرىشقا ئەرزىمەس،
قول كۆتۈرۈپ ھايۋانىنىمۇ ئۇرۇشقا ئەرزىمەس،
بۇ تۆت كۈنلۈك دۇنيانىڭ مۇساپىرى ھەممىمىز،
كىم بۇرۇن كېتەر، كىم كېيىن ھېچكىممۇ بىلمەس.

* * * * *

ئۆمۈر قىسقا ئىككى دۇنيا ئۈچۈن ئىش قىلماق لازىم،
ئاتا ـ ئانا، بالىلارغا ھەم ياخشى باقماق لازىم.
ئەگەر ئۆلكەڭ كۆمۈر كىبى قاراڭغۇلۇقتا قالسا،
چىقىرىپ يۈرىكىڭ، مەشئەل قىلىپ ئۇنى ياقماڭ لازىم.

* * * * *

توز ـ توپراق ئۇچۇپ تۇرسۇن مازارىمدىن،
قاتۇرماڭلا سىمونت بىلەن مازارىمنى.
"مۇراتسىز، موجاھت" يازسا مەناسى بارمۇ؟
ئۇزاقتا يۇرت ھوقۇش باسمىش گۇلزارىمنى

* * * *

كېيىن پۇشايمان يېمەسلىك ئۈچۈن،

ئاتقان ھەر قەدەمگنى، يەتتە ئۆلچە بىر كەس.
شەيتاننى تىزگىنلە،
جانابى ھەقتىن قورق.
خەير ـ ساخاۋەت ئىشىغا داۋاملىق قىل ھەۋەس.

* * * * *

كىيىمنكى پۇشايمان ئىنسان ئۈچۈن دۈشمەن،
ئۆتكەن كۈنلەر قايتىپ كەلمەيدۇ.
ئالدىڭغا قارا، ئۆتكەننى ئۇنۇت،
تەگسەڭ تىرىق، پايدا بەرمەيدۇ.

* * * * *

باغچىدىكى گۈلنىڭ نىمە پايدىسى بار؟
كۆڭلۈم گۈلى ئىچىلمىغۇچە.
يازغان شېئىرىمنىڭ نىمە پايدىسى بار،
ئەلنىڭ قىسمىتى ئىچىلمىغۇچە.

* * * * *

ئاخىرقى مۇساپىردۇر ياشتا چوڭلىرىمىز،
ياخشى كۈتۈپ قويساق نىمە بولىدۇ.
ياخشى گەپنىڭ قولى بوپ قالدى،
كۆڭلىنى ئىپ قويساق نىمە بولىدۇ.

* * * * *

بىر چىچەك ئىچىلدى تورىدى كەتتى،
چۈش كۆردۈڭ، ئويغاندىڭ، چۈشىڭمۇ پىتتى.
ئىنساننىڭ ئۆمرىگە قىياستۇر بۇلار،
دۇنيادا قانچە ئىنسان مۇرادىغا يەتتى؟

* * * * *

شۇنداق بىر شاراپكى، يارىتىلغان جانلىق،
بىر كۈن بۇ شاراپنى ئىچىشقا مەجبۇر.
جىلۋىلىك دۇنيانىڭ سەھنىسىدىن چۇشۇپ،
قارا يەرنىڭ قوينىدا يېتىشقا مەجبۇر.

* * * * *

دەرتلەر ئېغىر كەلدى كىرپىكتە توفان،
جىگەرىم قورۇلماقتا، كۆكرىكىم قازان.
پۇشمانغا بارمۇ دورا، دوختۇرۇم گەپ قىل،
رەڭگىمنىڭ ئەينىكىمدۇر ئوقۇردىكى سامان.

* * * * *

ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلار كېلەر، ھەر باھار گىرى،
ياز گۈلىدىن سوراۋاتىمەن، نېمىدۇر ئىش سىرى.
ئۇ، دۇنياغا كەتكەن ئىنسان نېمە ئۇچۇن كەلمەس،
تاشلار يېرىلۇر جاۋابىمنى ھېچ كىشى بىلمەس.

* * * * *

بۇ دۇنيادا توپلىغان مال، بۇ يەردە قالىدۇ،
كىمى قەدىرلەپ كىمى ئۇنى بۇزۇپ چاچىدۇ.
خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىمىز، بىز بىلە باراۋەر،
ئۇ دۇنيادا گۈزەل جەننەت ئىشىكىنى قاقىدۇ.

* * * * *

كىم نېمە قىلسا قايسى بۇلۇڭدا ئاللاھ كۆرىدۇ،
ئىنسانلارغا ئىنسان بولما پۇرسىتى بېرىدۇ.

ھېچكىم كۆرمەس، ساختا ئىش قىلمۇاللاي دېگەنلەر،
جەھەننەمدە جايىر، جايىر ئوتتا يانىدۇ.

* * * * *

خەنجىرىم باردۇر دەپ كۆرەڭلەپ كەتمە،
كىمگە ئورۇشنى بىلمىسەڭ ئىنسان مەن دېمە.
ئۆزۈڭنى ئەر بىلسەڭ، ئۆزگىنى شىر بىل،
يېمىسۇن دوستلىرىڭ سېنىڭدىن زەخمە.

* * * * *

ئىككى نان تاپساڭ بىرنى داپ چالما،
باشقىلار ئالدىدا كۆرەڭلىك قىلما.
دانا كىم دېسەڭ ئۆزىنى بىلگۈچى،
ئۆزۈڭنى چاغلىماي، بازارغا سالما.

* * * * *

يېمەكتە، كەيمەكتە قانائەتكە تول،
ئوقۇشتا، ئىشلەشتە قانائەتسىز بول.
مۇبادا بۇ نىسبەت ئالمىشىپ قالسا،
ئېيتقۇسىز خەتەردۇر ھاياتتىكى يول.

* * * * *

ياخشىغا ياخشى كۈن بەرمىگەن خۇدا،
يامانىنىڭ جاجىسىنى بەرمىگەن خۇدا.
نامەردلەر ئاتلىقتۇر، مەردلەر پىيادە،
پىيادىنى پۈتىمدىنمۇ قىلىۋەتمە جۇدا.

* * * * *

ھەقىقىي ئىنساندۇر بىر ئۆمرىدە بىرنىلا سۆيگەن،
سامان چوغىدەك ئۆچمەي، ئۇرۇك ئوتىدەك كۆيگەن.
چىن ئىنساندۇر بىلمىسىمۇ گەرچە كۆيۈشنى،
كۆيگەن كىشىنىڭ بىر ئۆمۈر قەدرىنى بىلگەن.

*****

چىڭ تۇتمىساڭ كەچتە پۇشايمان ئەگەر سەھەرنى،
چىڭ تۇتمىساڭ كۈزدە پۇشايمان ئەگەر باھارنى.
مېھنەت بىلەن ئەر كۆكلەيدۇ، يامغۇر بىلەن يەر،
يۆلەپ قويسا ئۆرە تۇرماس قۇرۇق تاغارنى.

*****

پۇلپەرەس ئادەمدە بولمايدۇ ۋىجدان،
ئۇنىڭغا بارچىدىن پۇلدۇر بەك ئوبدان.
پۇلپەرەس نامەرد بىلەن پولۇ يېگەندىن،
ياخشى مەرد بىلەن ئىچسە گەر يوبدان.

*****

نامەردلەر ئۇنۇتقاق كېلىدۇ ئاجايىپ،
يەلكىسىگە چۇشسە ئاپتاپ.
كېتەر غادىيىپ.
گەر كەلسە ئۇنىڭغا ياڭاق چاقار چاغ،
پادا بېقىشقان دوستىنى تاشلايدۇ ئېتىپ.

*****

قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر،
بىر مەزگىل بازار تاپار مەككارلىق ھۇنەر.
قاقشاتتىم دېگەن بىلەن ئۆزگىنى، ئەلنى،

مەككارنىڭ قەبرىسىدىن ياننتاقلار ئۈنەر.

* * * * *

قىلالماس ئىشىڭغا ۋەدە بەرمىگىن
ۋەدە قىلغان ئىشىڭنى قىلماي قويمىغىن
ۋەدىدۇر بىر قەرز، ئىنسانلىق بۇرچ،
ھاياتكەنسەن ئىنساننى بۇرچىنى ئاقلىغىن.

* * * * *

نامەردلەر ئاجىزنىڭ ئالدىدا پالۋان،
كۆرسىتەر ھەيۋىسىنى بولۇپ بىر قاۋان.
كۈچلۈكنى كۆرگىنىدە يالار تاپىنىنى،
گوياكى بىر كۈچۈك چىرايى سامان.

* * * * *

خاپىلىق ئۆتكۈنچى بورانغا ئوخشاش،
يۆگىلىپ يىتىۋالساڭ ئورانغا ئوخشاش.
خاپىلىق ئالدىدا زىل بولۇپ كەتمە،
بولۇۋالغىن خولىماتاڭ ساراڭغا ئوخشاش.

* * * * *

ساراڭ ئۆز مەيدانىدا ساقنى ساراڭ دىر،
گاراڭ ئۆز مەيدانىدا ئوڭنى گاراڭ دىر.
ئومۇچۇك ئۆزى توقۇغان مەينەت تورلارنى،
يەر يۈزىدە ئەڭ ئىبسىل، نوچى باراڭ دىر.

* * * * *

نامەردلەر خار قىلار ئۆزىنىڭ نەسلىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پولغىنىلا باغلايدۇ ئارزۇ ـ ۋەسلىنى.
پۇل بولسا ئەرشىگە، بولمىسا كەشىگە ـ قارايدۇ،
ئۇنتۇيدۇ ھەر چاغ ئەسلىنى.

* * * * *

بىرلىرى لەۋزىگە ئۆزى ئىگە ئەمەس،
بىرلىرى شارابو ـ بايلىق بىلەن مەست.
بىرلىرى ئويلايدۇ ياخشىلارغا قەست،
تىكەنلەر ئىچىدە گۇل ئۆستۇرۇش تەس.

* * * * *

ئەل ئۈچۈن كۆپ جاپار چېكەر بىر ئالىم،
شۇ ئالىم پېيىدە ھەسەتخور ـ زالىم.
ئىنسانغا ديانەت پەزىلەت تىلەپ،
بىر ئۆمۈر سۆزلىدىم، قالمىدى ھالىم.

* * * * *

مېنى بەزى دوستلار دەيدۇ: "ئىشىڭ ياخشى"،
بەزىسى دەر: «تېشىڭ بىلەن قېشىڭ ياخشى.»
يالغان ماختاش، ئۇچۇرۇشلار ياقماس ماڭا،
بىراق ئىسسىق ـ سوغۇق كۆرگەن بېشىم ياخشى.

* * * * *

ئۆتكەن ئۆمرۈڭگە باقساڭ قايرىلىپ،
ۋاقىت ـ ئېقىن سۇ، بىر ئەزىم دەريا.
ۋاقىت ـ ئاتقان ئوق نىشانغا ماڭغان،
ۋە ياكى ئۇچقۇر بىر دۇلدۇل گويا.

* * * * *

ۋاقىت دېمەك قان، ۋاقىت دېمەك جان،
ۋاقىت ـ تىرىشچانلىقنىڭ مىنگەن تۇلپارى.
ئۇنىڭ قىممىتى بىباھا چەكسىز،
ۋاقىت تىرىشچانلىقنىڭ سۆيگىنى ـ يارى.

* * * * *

ئۆلگەننىڭ ئارقىسىدىن ئۆلگىلى بولماس،
ياكى ھازىدا خۇش بولۇپ كۈلگىلى بولماس.
بولسىمۇ يۈرەك گەر مۇشتۇمچە بىر گۆش،
ھەر نەقىل ئىككىگە بۆلگىلى بولماس.

* * * * *

مىللىتىمىزدە يوق ئەمەس ئىللەت،
ئۇنى دەپ مىللەتكە قىلمىغىن نەپرەت.
قولۇڭدىن كەلسە ئۇستا دوختۇر بول،
كېسەلنى ساقايتىپ كۆرسىتىپ شەپقەت.

* * * * *

ئاتاڭنىڭ ئەمەس، ئەلنىڭ ئوغلى بول،
ۋەتەن دەردىگە دەرمان شىپا بول.
ئەل ئۈچۈن ياشاپ، ئەل ئۈچۈن ئۆلگىن،
مانا بۇ، ئىنسانلىق، غۇرۇر، توغرا يول.

* * * * *

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق، باشقىچە تۇپراق،
ئەسكە چۈشسە ئۇ تۇپراقلار تىزلىرىم ياپراق.
باستى دۈشمەن يىگىرمە يىلدۇر سۇرگۇندە قالدىم،

ئۈزاقلاردا، قولۇمدا بايراق، يۈرەكتە پىراق.

* * * * *

ئىنەكلەر كېچىسى يۇلتۇزغا قاراپ،
ئۇزاق، چەت يۇرتلاردىن قاچالايدىكەن.
تۇغۇلغان تۇپراقىنى يۇلتۇزغا بېقىپ
ئۆزۈن يىل ئۆتسىمۇ تاپالايدىكەن.

* * * * *

"ھەتتا ئۇچىغا چىققان رەزىل ساتقىنىدا،
بولىدۇ ئوتتۇز پىرسەنت مىللىي ھېسسىيات"
كۆن كېلىدۇ، پۈتۈن ئۇيغۇر تاشتەك ئۇيۇشۇپ،
دۈشمەنگە كۈنىنى كۆرسىتىدۇ، ھايھات!

* * * * *

"سەھەردە ئۇيغۇنادۇرمەن،
يىلاندەك تولغۇنادۇرمەن "
مۇستەقىل بولسۇن يۇرتۇم، دەپ
خۇداغا يالۋۇرادۇرمەن.

* * * * *

يىگىرمە بەش يىلدۇر، سۇرگۈندە پېقىر،
بارغانچە ئىچىمدە شاخلاندى ھەسرەت.
ۋەتىنىم ئەجدىھا تىرنىقى ئاستىدا،
نەسلىمىز قورىماقتا،
بۇ قانداق قىسمەت؟!

* * * * *

ئۆلسەم مېنىڭ جەسىدىم بۇ يەرلەردە قالسۇن،
ئەمما،
يۈرىكىمنى تەڭرىتېغى باغرىغا كۆمۈڭلا.
مىليون دەردلىك ئانىلارنى يىغلاتمايمەن دەپ،
ئۆز ئانامنى كۆپ يىغلاتتىم، بۇنى بىلىڭلا.

*****

بەزەن كۆز يېشىم بىلەن شېئىر يازىمەن،
بەزەن يۈرەك قېنىمدا رەسىم سىزىمەن.
ئۇيقۇ ھارام ئەل ئازاد بولغانغا قەدەر،
خىيالىمدا ئۇيغۇرىستان بېغىدا كېزىمەن.

*****

بىر كۈن توپراق بولۇپ كېتىمىز ھەممىمىز،
بىر كۈن كۆزلەردىن يوقايمىز ھەممىمىز.
مەيلى شاھ مەيلى غەييۇر، مەيلى غەرىبان،
ئۆلۈم شارابىنى ئىچىمىز ھەممىمىز.

*****

ئۆلۈم مۇتلەق، لېكىن قەيەردە،
نى زامان كېتىمىز بىلمەيمىزكى
يەتتە قېتىم يىغلاپ ۋاپاسىز دۇنيادا،
بىر قېتىم راۋۇرۇس كۈلمەيمىزكى.

*****

كەلسە ئەگەر ئۆلۈم نۆۋىتى،
باقماس باي ـ پېقىر، خارۇ ـ زارلارغا.
باقماس كۈچلۈك ئاجىز، كېسەل، ساقلارغا.

باقماس بەختى قارا، بەختىيارلارغا.

* * * * *

زامانى كەلگەن كېتىپ قالىدۇ،
ھېچبىر چارە يوق.
قالغانلارغا قارا خەۋەر،
يۈرەككە تەگكەن ئوق.

ئەلنىڭ دەردىگە داۋا ئىزدىدىم،
تاغلارغا چىقتىم، دېڭىزغا چۆكتۈم.
بەزىلەردە يوقاپتۇ ئىنسانلىق شۇئۇر، -
ۋىجدان، غورۇر،
ئۇلارنى سۆكتۈم.



ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئا.قاسىم